
روبېرت جامېس ۋاللېر (ئامېرىكا)

# كۆۋرۈكتە قالغان چۈش



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋاللېر مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەقىقىي [illegible] شىنىدىغان يازغۇچى. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۈنجى مۇھەببەت مەزگىلىدىكى ھېسسىيات ۋە كەيپىياتلىرىنى يېزىپ چىققان. ئوقۇغان ئادەمدە خۇددى خۇدا كۆڭلىگە سېلىۋاتقاندەك ئاجايىپ يارقىن ۋە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان چوڭقۇر تەسىرات پەيدا بولىدۇ.

—— « نيويورك ۋاقىت گېزىتى »

كىشىگە چوڭقۇر شېئىرىي تۇيغۇ... تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان بىر خىل شېرىن ھېسسىيات ئېلىپ كېلىدۇ... مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ھەققىدىكى ئاجايىپ تەسىرلىك ئەسەر.

—— « سان فرانسىسكو گېزىتى »

ئاجايىپ رومانتىك ئەسەر... ۋولتېر قالتىس يازغۇچى. ئۇنىڭ تۈنجى ئەسىرىنىڭ مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى كىشىلەرنىڭ بۇ ئەسەرگە بولغان كۈچلۈك زوقى. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە شۇنداق: بۇ ئەسەرنى سېتىۋالغان ھەرقانداق ئادەم بىر كېچىدىلا ئوقۇپ بولمىغىچە قولىدىن چۈشۈرمىدى ھەم شۇنچىلىك كۈچلۈك ھاياجانغا چۆمۈلدى ھەتتا تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار ئەتىسى بۇ كىتابتىن يەنە بىر نەچچىنى سېتىۋېلىپ دوستلىرىغا سوۋغا قىلىشتى... روبېرت ۋوللېرنىڭ بۇ ئەسىرى بارلىق كىشىلەرگە مۇھەببەتنىڭ ياسالما نەرسە ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈردى.

—— « ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى »

45

ISBN 7-228-09135-3
9 787228 091355 >

ISBN 7-228-09135-3
（民文）定价：8.50元

15
1712. 45
2

روبېرت جامېس ۋاللېر (ئامېرىكا)

# كۆۋرۈكتە قالغان چۈش

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سىيىت



[redacted]

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە ئەلېكترونلۇق كىتابلارنىڭ يېڭى تورى

图书在版编目(CIP)数据
廊桥遗梦/(美)沃勒著;亚森·斯依提译. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2004.12
ISBN 7-228-09135-3

Ⅰ.廊 … Ⅱ. 沃… ②亚 Ⅲ. 长篇小说—美国—现代
—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 127742 号

责任编辑: 热合曼·马木提
责任校对: 热娜·阿布利米提
封面设计: 艾克拜尔·沙力

**廊桥遗梦**(维吾尔文)
(美)罗佰特·詹姆斯·沃勒著
亚森·斯依提译

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 5.5 印张
2005 年 3 月第 1 版 2005 年 3 月第 1 次印刷
印数: 1 — 3060

---

ISBN 7-228-09135-3 定价:8.50 元

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 2004 - يىلى 4 - ئاي 2 - نەشرى، 2004 - يىلى 4 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社 2004 年 4 月第二版,2004 年 4 月第二次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : راخمان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى : رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# كۆۋرۈكتە قالغان چۈش

ئاپتورى: روبېرت جامېس ۋاللېر (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 5.5
2005 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3060
ISBN 7—228—09135—3
باھاسى: 8.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

كېپىنەك گۈللەرگە پۇركەنگەن قويۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن، تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان توپىلىق سەھرا يوللىرىدىن ناخشا ئاۋازلىرى پات - پات ئاڭلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەنە شۇنداق ھېكايىلەرنىڭ بىرى. 1989 - يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كۈن قىيىلغان چاغدا، يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانىدا كۆرۈنگەن ئالامەتلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتىم، توساتتىن تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى.

تېلېفون بەرگەن كىشى بۇرۇن ئىئوۋا شتاتىدا تۇرغان مىك جونسون ئىسىملىك بىرى ئىكەن. ئۇ ھازىر فلورىدا شتاتىدا تۇرىدىكەن. ئۇ تېلېفوندا ئىئوۋا شتاتىدىكى بىر دوستىنىڭ ئۆزىگە بىر كىتاب ئەۋەتكەنلىكىنى، كىتابنى ئۆزىنىڭ ھەم سىڭلىسى كارولىنىڭمۇ ئوقۇپ چىققانلىقىنى، بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ۋەقەلىككە مېنىڭ قىزىقىپ قېلىشىم مۇمكىنلىكىنى دېدى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سۆزلىدى، ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنىنى مەندىن قاتتىق سىر تۇتۇپ، كارولىن ئىككىسىنىڭ ئىئوۋا شتاتىغا كېلىپ مەن بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغانلىقىنىلا ئېيتتى.

مەن ئادەتتە مېنى ۋەقەلىك بىلەن تەمىن ئەتمەكچى بولغان بۇنداق كىشىلەردىن گۇمانلىناتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك كۆچەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدىم. ئۇلار بىلەن دېس موينېستا كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. ئايرودروم ئەتراپىدىكى «ئىستىراھەت مېھمانخانىسى» دا بىر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئارىمىزدىكى قورۇنۇشلار كۆتۈرۈلۈپ كەت-

تى. ئىككىسى ئۆدۈلۈمدا ئولتۇردى. تالادا ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ قار ئۇچقۇنداپ يېغىۋاتاتتى.

ئۇلار ماڭا ناۋادا مەن بۇ ۋەقەلىكنى يازماسلىق قارارىغا كەلسەم، 1965 ـ يىلى مادىزون ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە تۆت يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىماسلىقىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن ماقۇل بولدۇم، بۇ ئورۇنلۇق تەلەپ ئىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ۋەقەلىك ماڭا ئەمەس ئۇلارغا مەنسۇپ ئىدى.

ئۇلارنىڭ گېپىنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئاڭلىدىم، جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان بەزى مەسىلىلەرنى سورىدىم، ئۇلار تىنىماي سۆزلەيتتى. كارولىن نەچچە قېتىم ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. مىك جونسون يىغىدىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ماڭا بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى، قىيىۋېلىنغان ژۇرنال بەتلىرىنى ۋە ئاپىسى فرانسىسكانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن بىرنى بەردى.

كۈتكۈچى ياتاققا كىرىپ ـ چىقىپ قەھۋەلىرىمىزنى لىقلاپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بايانىدىن بەزى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا جانلاندى. تىل پەقەت ئوبراز ئارقىلىقلا پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. ئالاھازەل تۈن نىسپىدىن سەل ئاشقاندا، بۇ ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقىشقا ھېچبولمىغاندا ئۇرۇنۇپ بېقىشقا ماقۇل بولدۇم.

بۇ ۋەقەلىكنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاش قارارىغا كېلىش ئۇلار ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ ئاپىسىغا، شۇنداقلا دادىسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك ئىش ئىدى. مىك بىلەن كارولىن ئىككىسى بۇ ۋەقەلىكنى ئاشكارىلىۋەتسە بەزىبىر قوپال، يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ھەمدە رىچارد بىلەن فرانسىسكا جونسون ئەر ـ

www.uyghurkitap.com

خوتۇنلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ بىر يولغا ئالغۇ-
سىز بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى.
ئۇلار ئوتلۇق ۋەدىلەرگە خالىغانچە ۋاپاسىزلىق قىلىنغۇ-
قان، مۇھەببەت ئويۇن - چاقچاق ئورنىدا قارىلىۋاتقان بۈگۈنكى
بۇ دۇنيادا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ۋەقەلىكنى يەنىلا
ئاشكارىلاش كېرەك دەپ ھېسابلىغانىدى، مەن شۇ چاغدا بۇ
نۇقتىغا ئىشەنگەنىدىم، ئەمدى تېخىمۇ ئىشەندىم، ئۇلارنىڭ مۆل-
چەرى توغرا ئىدى.
تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش جەريانىدا ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ
مىنىك ۋە كارولىن بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشتۈم. ئۇلار ھەر
قېتىم قىلچە ۋايسىماي ئىئوۋاغا كەلدى. چۈنكى ئۇلار ۋەقەلىك-
نىڭ ئەينەن بايان قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىز بەزىدە
پاراڭلىشاتتۇق، بەزىدە ماشىنىنى ئاستا ھەيدەپ سىرتلارغا چى-
قاتتۇق، ئۇلار ماڭا ۋەقەلىكتە بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان جاي-
لارنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.
بۇ ھېكايىنى يېزىشتا مىنىك بىلەن كارولىنىنىڭ ياردىمىدىن
سىرت تۆۋەندىكىلەرگە ئاساسلاندىم: فرانسىسكا جونسوننىڭ
كۈندىلىك خاتىرىسى، ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمال رايونى، بو-
لۇپمۇ ۋاشىنگتون شتاتىغا قاراشلىق سېئاتل بىلەن بېللىنھامدا
ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش، ئىئوۋا شتاتىغا قاراشلىق مادىزون
ناھىيىسىگە قىلىنغان داۋراڭسىز زىيارەت، روبېرت كىنكاينىڭ
فوتو سۈرەتچىلىككە دائىر ماقالىلىرىدىن يىغىۋېلىنغان ئەھۋال-
لار، ھەر خىل ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ياردەملىرى،
پىلىيونكا ۋە فوتو - ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرى ياسايدىغان كارخانا
ئىگىلىرى تەمىن ئەتكەن تەپسىلاتلار، بۇنىڭدىن باشقا كىنكاينىڭ
يۇرتى ئوھىئو شتاتىغا تەۋە بائېنسۋېردىكى بوۋايلار بىلەن ئۆتكۈ-
زۈلگەن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق سۆھبەتلەر، كىنكاينىڭ بالىلىق
چاغلىرى ھېلىھەم ئۇلارنىڭ ئېسىدە بار ئىكەن.

نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان بولساممۇ بوشلۇق
يەنىلا كۆپ ئىدى. بۇ ئەھۋالدا تەسەۋۋۇرغا ئازراق تاياندىم.
ئەقىلغا مۇۋاپىق ھۆكۈم ئارقىلىق شۇنداق قىلدىم. بۇ كىنكاي
بىلەن فرانسىسكاغا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىدىن ھاسىل بولغان
ھۆكۈم ئىدى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاساسەن ئىگىلەپ بول-
غانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

كىنكاينىڭ ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىنى توغرىسىغا
كېسىپ ئۆتكەن ساياھىتى توغرىسىدىكى بەزى تەپسىلاتلارنىڭ
ئورنى بوش ئىدى. كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنغان فوتو
سۈرەتلەرگە، فرانسىسكا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە كىن-
كاينىڭ شۇ قېتىملىق ساياھىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىكىگە ۋە
كىنكاينىڭ بىر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆز قولى بىلەن يازغان
قىسقا بىر پارچە خېتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ساياھىتى-
نىڭ راستلىقىنى بىلدىم. مۇشۇ ماتېرىياللارنى يىپ ئۇچى قى-
لىپ، كىنكاي 1965 - يىلى ئاۋغۇستتا بېللىنھامدىن مادىزون
ناھىيىسىگە بارغۇچە مۇشۇ لىنىيىنى بېسىپ ئۆتكەن دېگەن قا-
راش بىلەن شۇ لىنىيىنى بويلاپ بىر قېتىم ساياھەت قىلدىم،
سەپەر داۋامىدا ئۆزۈمنى نۇرغۇن جەھەتلەردە روبېرت كىنكايدەك
سەزدىم.

كىنكاينىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات
ئىشلىرىمدىكى ئەڭ قىيىن ئىش ھېسابلىناتتى. دېمىسىمۇ ئۇ
چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەم ئىدى. بەزىدە ئادەتتىكى
ئادەمگە، بەزىدە تۇتۇرۇقسىز ئادەمگە، بەزىدە ھەتتا ئەرۋاھقا
ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئالىي تەربىيە كۆرگەن تەڭداشسىز
كىشى ئىكەنلىكى ئەسەرلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ
ئۆزىنى كۇنسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان دۇنياغا بولغان مەپتۇن-
لۇق ئىلكىدە شاللىنىپ قېلىنىۋاتقان ئادەم ھەم ئاز ئۇچرايدىغان
ئەركەك ھايۋان دەپ بىلەتتى. ئۇ بىر قېتىم ۋاقىتنىڭ كاللىسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكى «ئېچىنىشلىق نىداسى» نى تىلغا ئالغان. فىرانسىسكا ئۇنى «ئۇ دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىكى تۈرلەرنىڭ كېلىپ ـ چىقىشىدىن ئىلگىرىكى سىرلىق ھەم غەلىتە دۇنيادا ياشايتتى» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئىككى مەسىلىگە تېخىچە جاۋاب تېپىلمايۋاتاتتى. بىرى، كىنكاينىڭ فوتو سۈرەتلەر توپلىمىنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا ئامالسىز ئىدۇق. خىزمەت خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭدا مىليون پارچە سۈرەت بار ئىدى، لېكىن ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قارىشى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا تۇتقان ئورنىغا بولغان قارىشى بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇ كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن سۈرەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن دەپ قىياس قىلىشتۇق.

يەنە بىرى، ئۇنىڭ 1975 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى تۇرمۇشى. بۇ ھەقتە ئىگىلەنگەن ئەھۋاللار تولىمۇ ئاز ئىدى. ئۇنىڭ سېئاتلدا نەچچە يىل ھەيكەللەرنى سۈرەتكە تارتىپ تۇمشۇق تىرەپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىدىن، پىگېت قولتۇقىنىڭ[①] مەنزىرىلىرىنى سۈرەتكە تارتىش بىلەن ئىزچىل مەشغۇل بولغانلىقىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتۇق. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، بارلىق سۇغۇرتا ئورۇنلىرى ۋە ھەربىيدىن قايتقان ئەسكەرلەر ئورگانلىرىنىڭ ئەۋەتكەن خەت ـ چەكلىرىگە ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن «ئىگىسىگە قايتۇرۇلسۇن» دەپ يېزىپ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئۇ كىتابنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىش ۋە يېزىش جەريانىدا دۇنيا قارىشىم ئۆزگەردى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇمدىمۇ بۇرۇ-لۇش ھاسىل بولدى. ئەڭ مۇھىمى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئار-قىلىق يەتكىلى بولىدىغان غايىۋى مەنزىلگە بولغان مەندىكى نەپ-

---

① پىگېت قولتۇقى — ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دېڭىز قولتۇقى.

رەت تۇيغۇسىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. تەكشۈرۈش - تەتقىقات قىلىش نەتىجىسىدە فرانسىسكا جونسون ۋە روبېرت كىنكاي بىلەن تونۇشۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت چېگرىسىنىڭ مەن ئويلىغاندىنمۇ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ كىتابنى ئوقۇش داۋامىدا سىزمۇ ماڭا ئوخشاش تەسىراتقا كېلىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بىغەملىك كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان دۇنيادا سەزگۈمىز قاشاڭلىشىپ كەتتى، ھەممىمىز ئۆز تىرىكچىلىكىمىز بىلەن ئاۋارە. قايناق ھېسسىيات بىلەن كىشىنى غىدىقلايدىغان مۇلايىم ھېسسىياتنىڭ چېكى زادى نەدە، بۇنى بىلىشكە ئاجىزمەن. لېكىن، بىزدە ھەمىشە بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى مەسخىرە قىلىدىغان، سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى پەردازلاپ ئىپادىلەيدىغان خاھىش بار. شۇڭا بىز ئاشۇنداق يېقىملىق غايىۋى مەنزىلگە قەدەم قويالمايمىز. بۇنداق غايىۋى مەنزىل فرانسىسكا جونسون بىلەن روبېرت كىنكاي توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى زۆرۈر. مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈمدە مۇشۇنداق خاھىشنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم.

سىزە بۇ ھېكايىنى ئوقۇۋېتىپ شائىر كالېردىك[1] ئېيتقاندەك، ئىشەنچسىزلىكىڭىزنى ۋاقتىنچە بىر ياققا قايرىپ قويسىڭىز، جەزمەن ماڭا ئوخشاش تەسىراتقا ئىگە بولىسىز. سىزمۇ خۇددى مۇزغا ئايلانغان يۈرىكىڭىزدە تانسا ئوينىغۇدەك سورۇننىڭ بارلىقىنى بايقايسىز.

① كالېردىك — (1772 — 1834) 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەنگلىيەدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## روبېرت كىنكاي

1965 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەندە روبېرت كىنكاي ۋاشىنگتون شتاتىغا قاراشلىق بېللىنھامدىكى بىر بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ياتىقىنى تاقاپ، فوتو ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرى قاچىلانغان سومكا بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرى سېلىنغان چامادانىنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ، ئارقا ئىشىككە تۇتىشىدىغان كارىدوردىن ئۆتتى. ئۇنىڭ «چېۋرولېت» ماركىلىق كونا ماشىنىسى مېھمانخانىغا چۈشكەنلەر مەخسۇس ماشىنىلىرىنى قويىدىغان مەيداندا تۇراتتى، ماشىنىدا يەنە بىر سومكا، چاققانغىنا بىر مۇزلاتقۇ، ئىككى يۇرۇش ئۈچ پۇتلۇق جازا، نەچچە پاچكا «تۆگە» ماركىلىق تاماكا، بىر تېرمۇس بىلەن بىر خالتا مېۋە، كوزۇپتا بىر گىتار قېپى بار ئىدى. كىنكاي سەپەر خالتىسىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ، مۇزلاتقۇ بىلەن ئۈچ پۇتلۇق جازىنى ماشىنىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى، گىتارنىڭ قېپى بىلەن كىيىم ـ كېچەك سېلىنغان چامادانىنى كوزۇپنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سىغداپ بىر ياندا تۇرغان زاپاس چاققا چەگدى، ئاندىن ئۇزۇن بىر تال كاناپ ئارغامچا بىلەن ھەممىنى قوشۇپ بىراقلا مەھكەم باغلىۋەتتى.

ئۇ ماشىنىغا چىقتى ۋە «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاندىن ماشىنىدىكى نەرسىلەرنى كۆڭلىدە بىر ـ بىرلەپ ساندى. ماشىنىدا ئىككى يۈزدەك ھەر خىل پلېيونكىلار بار ئىدى، تولاراقى «كودا» ماركىلىق پلېيونكا ئىدى. ماشىنىدا يەنە ئۈچ پۇتلۇق جازا، چاققانغىنا بىر مۇزلاتقۇ، ئۈچ فوتو

ئاپپارات، فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزىدىن بەش، پادىچى ئىشتان، كاجى رەختتىن تىكىلگەن تامبال، كۆڭلەك، بىر پىنجەك بار ئىدى. ئۇ يەتكۈدەك نەرسە ـ كېرەك ئېلىنىۋالغانىدى. ئۇنتۇپ قالغان باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى يولدا كېتىۋاتقاچ ئېلىۋالسا بولاتتى.

كىنكاي ئۆچۈپ كەتكەن ئىشتان، كونىراپ كەتكەن دالا ئايىغى، كاجى كۆڭلەك كىيگەن، سېرىق ئاسما باغ تاقىغان، كەڭ تاسمىسىغا غىلاپلىق شۆپىتسارىيە پىچىقى ئېسىۋالغانىدى.

ئۇ سائىتىگە قارىدى، سائەت سەككىزدىن ئون يەتتە مىنۇت ئۆتۈپتۇ. ئىككىنچى قېتىم زىۋىت قىلىپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى، كەينىگە ياندۇرۇپ خوتنى يۆتكىدى ـ دە، كۆن نۇرى غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان كوچىدىن ئاستا ھەيدەپ چىقتى. بىر پەس ـ تىلا بېللىنھام كوچىسىدىن ئۆتتى، ئاندىن ۋاشىنگتون شتاتىدى ـ كى 11 ـ نومۇرلۇق كوچىغا كىرىپ جەنۇبقا قايرىلدى، پىگېت دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم مېڭىپ، 12 ـ نومۇرلۇق دۆلەتلىك تاشيول بىلەن 11 ـ نومۇرلۇق تاشيول كېسىشىدىغان جايغا بارماي شەرققە بۇرۇلدى.

كىنكاي شۇ تاپتا شەرققە قاراپ يول ئېلىپ، كاسكادې تاغ تىزمىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆزۈن ھەم ئەگرى ـ توقاي سەپىرىنى باشلىغانىدى. ئۇ بۇ دۆلەتنى سۆيەتتى، ئۆزىنى بىمالال تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خاتىرە يازاتتى. كەل ـ گۈسىدە قايتا كېلىشكە ئەرزىگۈدەك جايلارنى خاتىرىلەيتتى ياكى بىر نەچچە پارچە سۈرەت تارتاتتى. ئۇ بۇ سۈرەتلەرنى «تېز تارتىلغان خاتىرە سۈرەت» دەپ ئاتايتتى. بۇ سۈرەتلەر بەزى جايلارغا يەنە قايتا كېلىپ، تېخىمۇ ئەستايىدىل زىيارەت قىلىش ئويىنى ئۆزىگە ئەسلىتىپ تۇرۇش مەقسىتىدە تارتىلغانىدى.

كىنكاي قاش قارايغاندا سىپوكاندىن شىمالغا — 2 ـ نومۇرلۇق دۆلەتلىك تاشيول تەرەپكە بۇرۇلدى. بۇ تاشيول بىلەن ئامېرىكى ـ

نىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ يېرىمىنى بېسىپ، مىننېسوتا شتاتىغا قاراشلىق دۇلۇسقا بارغىلى بولاتتى.
كىنكاي ئۆمرىدە بىرەر ئىتقا ياكى ساپسېرىق بىرەر ئايغىرغا ئېرىشىشنى تالاي قېتىم ئارزۇ قىلغانىدى. ئىت سەپەرلەردە ھەم ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. لېكىن، ئۇ دائىم سىرتلارغا، تولاراق چەت ئەللەرگە كۆپ چىقاتتى، بۇنىڭدا ئىتقا بەك ئۇۋال بولۇپ كېتەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئىشنى داۋاملىق ئويلايتتى. «نەچچە يىلدىن كېيىن قېرىپ كېتىمەن، دالىلاردا جاپالىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ماجالىم يەتمەي قالىدۇ، شۇ چاغدا ئىتتىن بىرەرنى تېپىۋالارمەن» دېدى كىنكاي كۆز ئالدىدىن «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان رەت ـ رەت ياپپېشىل دەل ـ دەرەخلەرگە ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن قاراپ كېتىۋېتىپ.
ئۇ ماشىنا ھەيدەپ سەپەرگە چىققاندا ھەمىشە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا ئىت توغرىسىدىكى خىيال كىرىۋالغانىدى، روبېرت كىنكاي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تەنھا ئادەم — ئۇ يالغۇز بالا، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، بىر نەچچە شىرەم تۇغقانلىرى بىلەن بۇرۇنلا ئالاقىسى ئۈزۈلگەن — بىرمۇ يېقىن ئاغىنىسى يوق ئىدى.
كىنكاي بېللىنھام كوچىسىدىكى ئەركىن بازارنىڭ خوجايىنى بىلەن ئۇنىڭغا فوتو ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرى سېتىپ بېرىدىغان دۇكان خوجايىنىنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ بىر نەچچە ژۇرنال رېداكسىيىسى بىلەن رەسمىي كەسپىي ئالاقىسى بار ئىدى، باشقا ھېچكىمنى تونۇمايتتى، ئۇنىمۇ باشقىلار تونۇمايتتى. ئادەتتىكى كىشىلەر سىگانلاردىن ئاسان دوست تۇتمايدۇ، ئۇ سىگانلارغا سەل ئوخشاپ كېتەتتى.
كىنكاي مارياننى ئويلىدى. ماريان ئۇنىڭ بىلەن بەش يىل ئۆي تۇتۇپ، بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. كىنكاي ئەللىك ئىككى ياشقا كىرگەن، ماريان بولسا تېخى

قىرىق ياشقىمۇ كىرمىگەن ئايال ئىدى. ماريان مۇزىكانت، ناخ-
شىچى بولۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى، ۋېرىنىنىڭ ھەممە
ناخشىلىرىنى ئېيتالايتتى. سېئاتلدىكى قەھۋەخانىدا يامان ئەمەس
ناخشا ئېيتاتتى. كىنكاي ئۆيدە بولسىلا ئۇنى پات - پات ماشىنىغا
سېلىپ كونسېرت كېچىلىكىگە ئاپىراتتى، ئۆزى تاماشىبىنلار
قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايتتى.

كىنكاينىڭ ئۆز ۋۇن مۇددەت سىرتلاردا يۈرۈشى — ئۇ بەزى-
دە بىر چىقىپ كەتسە ئىككى - ئۈچ ئاي يوقاپ كېتەتتى —
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ نۆۋەتتە كىن-
كايغا ئايان ئىدى. ئۇلار باشتا توي قىلىشقا پۈتۈشكەندە كىنكاي-
نىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ماريان بىلەتتى. ئۇلار
ئۆز كۆڭۈللىرىدە بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقى-
نى ھېس قىلىشقانىدى، نەتىجىدە ئۇنداق بولمىدى. كىنكاي بىر
قېتىم سۈرەت تارتىپ ئىسلاندىيىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە
ماريان كۆرۈنمىدى، «روبېرت كىنكاي، سىز بىلەن ئۆي تۇتال-
مىغۇدەكمەن. گىتارنى سىزگە قالدۇرۇپ قويدۇم، ئىزدىشىپ
ئۆتەيلى» دېگەن ئىككىلىك خەت تۇراتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككىسى بىر - بىرىنى ئىزدەشمىدى.
ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندە كىنكاينىڭ قولىغا ئاجرىشىش كېلى-
شىمنامىسى تەگدى. ئۇ ئۇنىڭغا قول قويۇپ ئەتىسىلا ئايروپىلان
بىلەن ئاۋستىرالىيىگە كەتتى.

كىنكاي يېرىم كېچىدە مونتانا شتاتىغا قاراشلىق كارسپېرغا
كېلىپ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. «قانائەت مېھمانخانىسى»
نىڭ ياتىقى ئەرزان ئىدى. ئۇ يۇك - تاقلىرىنى بىر ئۆيگە
ئەكىردى. ئۆيدە ئۈستەل چىرىغىدىن ئىككىسى بار ئىدى، بىرى-
نىڭ لامپۇچكىسى كۆيۈپ كەتكەنىدى. كىنكاي كارىۋاتتا «ئاف-
رىقىنىڭ يېشىل تاغلىرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ ياتتى. ئىچ-
كەن پىۋىسىدىن شۇ يەردىكى قەغەز زاۋۇتىنىڭ ھىدى كېلەتتى.

ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ قىرىق مىنۇت يۈگۈردى، دۈم يېتىپ تايىنىش ھەرىكىتىنى ئەللىك قېتىم قىلدى. فوتو ئاپپاراتلارنى شتانكا ئورنىدا كۆتۈرۈپ كۈندىلىك بەدەن چېنىقتۇرۇشنى تاماملىدى.

ئۇ مونتانا تاغ چوققىسىدىن ئۆتۈپ شىمالىي داكوتا شتاتىغا كىردى. تاپتاقىر بۇ تۈزلەڭلىك ئۇنى تاغ تىزمىلىرى ۋە دېڭىزغا ئوخشاش ئۆزگىچە جەلپ قىلىۋالدى. بۇ جاي بىر خىل تەبىئىي گۈزەللىككە ئىگە ئىدى. ئۇ نەچچە قېتىم توختاپ، ئۈچ پۇتلۇق جازىنى تىكلەپ بەزى دېھقان ئۆيلىرىنى رەڭسىز سۈرەتكە تارتتى، بۇ جايدىكى مەنزىرىلەر ئۇنىڭ گېئومېترىك سىزىق تەلىپىگە بەكمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئىندىئانلارنىڭ قالدۇرۇق يەرلىرى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى، ئەمما ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق ئىدى. بۇ خىلدىكى قالدۇق يەرلەرنى ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ياكى ئۇ كۆرگەن ھەرقانداق يەرلەردىن ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى.

14 - ئاۋغۇست ئەتىگەندە ئۇ دۆلۈستىن يولغا چىقىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن شەرقىي - شىمالغا قايرىلىپ ھېربېن بىلەن رودا كېنىنىڭ ئارقا يولىغا تۇتىشىدىغان يولغا چۈشتى. ھاۋادا قىزغۇچ چاڭ - توزانلار پۇرقىراپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇ يەردە سۇپېرىئور كۆلى بويىغا جايلاشقان پرېستانغا رودا توشۇيدىغان كېمىلەر ئۇچۇن مەخسۇس ياسالغان ماشىنىلار بىلەن پويىز بار ئىدى. كىنكاي بىر چۈشتىن كېيىن ھېرىبىننى ئايلىنىپ چىقتى، ئەمما بۇ يەردىن بوب زىممېرمان دىلان[1] چىققان بولسىمۇ بۇ جاي كۆڭۈلگە ياقمىدى.

ئۇ دىلاننىڭ «شىمالدىن كەلگەن قىز» دېگەن مۇشۇ ناخشى-

---

① بوب زىممېرمان دىلان — (1941 — ) ئامېرىكىلىق مۇزىكانت.

سىنىلا ياقتۇراتتى. بۇ ناخشىنى ئېيتالايتتى ھەم گىتار بىلەن
چالالايتتى. كىنكاي ئالامەت چوڭ قىزىل توپىلىق ئورەكلەرگە
تولغان بۇ جايدىن ئايرىلغاندا مۇشۇ ناخشىغا غىڭشىپ ماڭدى.
ماريان ناخشىنى گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ-
غا گىتار چېلىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ قويغان-
دى. ئۇ بىر قېتىم ئامازون دەرياسى ۋادىسىنىڭ مەلۇم بىر
يېرىدىكى «مىكلائېل» مەيخانىسىدا غەرق مەست بىر پاراخوت
ھەيدىگۈچىگە: «ماريانىنىڭ ماڭا قالدۇرغىنى مېنىڭ ئۇنىڭغا قال-
دۇرغىنىمدىن كۆپ» دېگەنىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى.
سۇپېرىئور دۆلەتلىك ئورمانلىقىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن
گۈزەل ئىدى. بۇ جاي بىر چاغلاردا يۇرت ئارىلاپ كۆن - خۇرۇم
سودىسى قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ يۇرتى ئىدى. ئۇ ياش چاغلى-
رىدا جاھان كېزىپ ئوقەت قىلىدىغان پەيتنىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلى-
كىنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭمۇ جاھانكەزدى سودىگەر
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كىنكاي ئوتلاقتىن ئۆتۈپ كېتى-
ۋېتىپ ئۈچ چىپار بۇغىنى، بىر قىزىل تۈلكىنى، يەنە نۇرغۇن
بۇغىنى كۆردى. بىر كۆلچەكنىڭ يېنىدا توختاپ غەلىتە شاخلى-
غان دەرەخنىڭ سۇغا چۈشكەن ئەكسىنى سۈرەتكە تارتتى. ئاندىن
كېيىن كابىنكىدا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچتى. «تۆگە» ماركىلىق
تاماكىسىنى چەككەچ، ئاق قېيىنزارلىقتىن چىقىۋاتقان شامال-
نىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى.
«بىر ئايال ھەمىراھ بولىغان بىولسا قانىداق ياخشى بو -
لاتتى! — دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تاماكا ئىسى-
نىڭ كۆل تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، — ئادەم قېرىسا
بەكمۇ يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىدىكەن.» ئۇ مۇشۇنداق يىل بويى
سىرتلاردا يۈرسە ئۆيدە قالغان ھەمراھىغا ئېغىر ئازاب بولاتتى،
بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى.
كىنكاي بېللىنھامدىكى ئۆيىدە سېئاتلدىكى ئېلان شىركى-

تىدە ئىشلەيدىغان شەرەنداز بىر ئايال رېژىسسور بىلەن ئارى-
لاپ ـ ئارىلاپ ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق
ھەمكارلىق تۈرىدە تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ قىرىق ئىككى ياش-
لىق، ئەقىللىق ۋە چىقىشقاق ئايال ئىدى. بىراق، كىنكاينىڭ
ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشمىدى، ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈپ قېلىشى-
مۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بەزىدە ئىككىلىسىنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېچىنى بىللە ئۆتكۈ-
زەتتى، كىنو كۆرەتتى، پىۋا ئىچەتتى، ئاندىن كېيىن پەردىشەپ-
نى قايرىپ قويۇپ بىرگە بولاتتى. ئۇ ئايال ئىككى قېتىم ياتلىق
بولغان، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا مەيخانىلاردا كۈت-
كۈچىلىك قىلغانىدى. ھەر قېتىم بىللە ياتقاندا ھەمىشە كىنكايغا
«سىز بەك ياخشى، روبېرت، سىزگە يېتىدىغان ئادەم يوق، مەن
ھېچكىمنى سىزگە ئوخشاتالمايمەن» دەيتتى.

كىنكاي ئەرلەر مۇشۇنداق گەپلەرگە خۇشتار، دەپ ئويلايت-
تى. بىراق، تەجرىبىسىز بولغاچقا، ئۇ راست گەپ قىلىۋاتامدۇ،
يوق، بۇنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئايال
ھەققەتەن كىنكاينىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان بەزى گەپ-
لەرنى قىلدى. «روبېرت، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا بىر ھاياتلىق
يوشۇرۇنغان، ئۇنى سۇغۇرۇپ چىقىرىشقا لايىق ئەمەسمەن، بۇ-
نىڭغا تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن، قۇربىم يەتمەيدۇ. بەزىدە
سىزنى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان،
بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقايسىمىز چۈشەنمىزدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان
بىر پىنھان جايدا ياشىغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ماڭا
ناھايىتى كۆيۈنسىڭىزمۇ، يەنىلا سىزدىن قورقىمەن. سىز بىلەن
بىللە بولغاندا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىسام، ئەس ـ ھوشۇمنى يوقى-
تىپ، قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدىغانلىقىمنى سېزىمەن.»

كىنكاي ئۇ ئايالنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى غۇۋا چۈ-
شىنەتتى، ئەمما تازا تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئۇھېئو شتاتىغا قا-

راشلىق بىر بازاردا چوڭ بولغان كىنكاي بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا تەگسىز خىياللار بىلەن بەند ئىدى، ئۇ چېدىغۇسىز ئىنتىزارلىق ۋە تراگېدىيە ئېڭى بىلەن جىسمانىي كۈچ ھەم ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان خىياللار ئىدى. باشقا بالىلار «قېيىقىم، قېيىقىم» دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرسە، ئۇ بەزمىخانىلاردا ئېيتىلىدىغان فرانسۇز ناخشىسى بىلەن ئىنىگ-لىزچە ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆگىنەتتى.

كىنكاي يېزىق بىلەن ئوبرازغا ئامراق ئىدى. «كۆك» ئۇ ناھايىتى ياقتۇرىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ سۆزنى دېگەن چاغدىكى كالپۇك بىلەن تىلنىڭ سىزىمىنى ياخشى كۆرەتتى. ياشلىقىدا تىلنىڭ بىر مەنىنى ئاڭلىتىپلا قالماي، بەدەندە سې-زىممۇ پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىغىنى ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا بەزى سۆزلەرنى مەسىلەن، «ئارد-لىق»، «يېمەك ــ ئىچمەك»، «تاشيول»، «كارىدور»، «جا-ھانكەزدى سودىگەر» ۋە «ھىندىستان» دېگەندەك سۆزلەرگە خۇشتار ئىدى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئاھاڭى ۋە مەنىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ كاللىسىدا ئوي ــ پىكىرلەر تۇغۇلاتتى. ئۇ ئۆزىگە ياقىدى-غان سۆزلەرنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، ھۆجرىسىنىڭ تېمىغا بۇ سۆز-لەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى چاپلاپ قوياتتى:

ئوتقا بەك يېقىن.
مەن بىر توپ ساياھەتچىلەر بىلەن شەرقتىن كەلدىم.
مېنى قۇتۇلدۇرالايدىغانلار بىلەن مېنى سېتىۋېتىدىغانلار،
ھەمىشە كۈسۈرلىشىدۇ.

تىلتۇمار، تىلتۇمار، ماڭا قىسمىتىمنى سۆزلەپ بەر. رول-چى، رولچى، كېمەڭنى بۇراپ مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قوي. سۇغا چۆمۈلىدىغان جايدا كۆك كىتلار ياتىدۇ. قىشتا ئىس پۇرقىرىتىپ ۋوگزالدىن چىققان پويىز. مەن ئادەمگە ئايلىنىش-

تىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى مەن بىر تال يا ئوقى ئىدىم.

يەنە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان بەزى يەرلەرنىڭ، ئالايلۇق، سومالى دەريا ۋادىسى، داھاچ تاغلىرى، مالاككار بوغىزى دىگەن-دەك بىر مۇنچە يەرلەرنىڭمۇ ناملىرى بار ئىدى. ھۆجرىسىنىڭ تاملىرى سۆزلۈكلەر، جۈملىلەر ۋە يەر - جاي ناملىرى يېزىلغان قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىغا ھەتتا ئاپىسىمۇ دىق-قەت قىلغانىدى. كىنكاي ئۈچ ياشقا كىرگۈچە تىلى چىقماي، كېيىن بىراقلا پۈتۈن سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بەش ياشقا كىرگەندە ساۋاتى چىقتى. مەكتەپتە كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئاڭلىمايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلار بىزار بولاتتى.

ئوقۇتقۇچىلىرى كىنكاينىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئۇنىڭدا بىر ئىشنى باشقا ئاچىقالايدىغان ئىقتىدار بارلىقى ۋە قانداق ئادەم بولىمەن دىسە شۇنداق ئادەم بولالايدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ خاراكتېرىغا: «مىنىڭچە، ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە قاراپلا بىر كىشىنىڭ ئىقتىدارىغا باھا بېرىش ياخشى ئۇسۇل ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئۇسۇل سېھىرنىڭ رولىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. سېھىر ماھىيەت جەھەتتىن ۋە لوگىكىنىڭ تولۇق-لىمىسى بولۇش يېقىدىن ئوخشاشلا مۇھىملىقىقا ئىگە. كىنكاي-نىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلى-مەن» دەپ يازغانىدى.

ئانىسى بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن سۆزلەشتى. ئوقۇتقۇ-چىلار كىنكاينىڭ گەپ قىلمايدىغان مىجەزى بىلەن ئىقتىدارى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاپىسى: «ئوغلۇم ئۆزى ياراتقان دۇنيادا ياشايدۇ. ئۇنىڭ مىنىڭ بالام ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. بىراق، مەن بەزىدە ئۇ ماڭا ئىبرىم ئىككىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاپىرىدە



www.uyghurkitap.com

بولماي، بەلكى دائىم كەتكۈسى كېلىپ تۇرىدىغان باشقا دۇنيادىن كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت. مەكتەپتىكى ئىپادىسىنىڭ ياخشىراق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى يەنە بىر قېتىم رىغبەتلەندۈرىمەن» دېگەنىدى.

كىنكاي يەنىلا بىلگىنىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. كۇتۇپخانىلاردىكى ئېكسپېدىتسىيىگە ۋە ساياھەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى، ھېچكىمگە ئارىلاشمايتتى. كەنتنىڭ بېشىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېقىن بويىدىن كۈنلەپ كەلمەيتتى. تانسا، زەيتۇن توپ ئويناش قاتارلىق خۇشى يوق پائالىيەتلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى، دائىم بېلىق تۇتاتتى، سۇغا چۆمۈلەتتى ۋە سەيلە قىلاتتى. ئېگىز ئۆسكەن بۇلۇق ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا يېتىپ، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئاڭلىغىلى بولىدىغان يىراقتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى. «ئاۋۇ ياقتا پىرىخونلار بار، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — جىم يېتىپ، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايمەن، ئۇلار شۇ يەردە.» ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاقىتلارنى بىر ئىت بىلەن بىللە ئۆتكۈزگۈسى كېلەتتى.

كىنكاي نامراتلىق دەستىدىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىدى، كىرىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. دادىسىنىڭ خىزمىتى جاپالىق ئىدى، ئەمما ئاپىسى ئىككىسىگە ياخشى قارايتتى. پۈرژىنا زاۋۇتى بەرگەن مائاش ئىت سېتىۋېلىش تۇرماق بىر ئۆينىڭ راسخوتىغا ئارانلا يېتەتتى، كىنكاي ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئەلنى كاساتچىلىق قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ۋە ئاپىسىنى بېقىش ئۈچۈن ئەسكەرلىككە تىزىملىتىپ ھەربىي سەپكە كىردى. ھەربىيلىكتە تۆت يىل تۇردى. بۇ تۆت يىل ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ھەربىيلىكتە تۇرغانلارنىڭ خىيالىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ بىر فوتوگرافنىڭ ياردەمچىلىكىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. شۇ

چاغدا ئۇ فوتو ئاپپارات پلىيونكىسى توغرۇلۇق ھېچقانداق ساۋاتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئارتۇقچىلىقىنى بايقىدى. تېخنىكىلىق تەپسىلاتلار ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاسان تۇيۇلدى. بىر ئاي بولا ـ بولمايلا ئىككى فوتوگراف تارتقان سۈرەتلەرنى قاراڭغۇ ئۆيدە يۇيۇشتىن سىرت ئۇنىڭ ئادەتتىكى سۈرەتلەرنى تارتىشقا يول قويۇلدى.

گېم پېتىرسېن ئىسىملىك بىر فوتوگراف ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭغا سىرلىق فوتو سۈرەتچىلىك سەنئىتىنى ئۆگىتەتتى. روبېرت كىنكاينىڭ ئۆزمۇ مېنىمورسبورگتىكى كۇتۇپخانىلاردىن فوتو سۈرەتچىلىكى بىلەن گۈزەل سەنئەتكە دائىر كىتابلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئۆگەندى ھەم تەتقىق قىلدى. ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا فرانسۇز تەسىراتچىلىرى بىلەن رېمبرانتنىڭ[1] نۇرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى.

كىنكاي سۈرەت تارتىشتا نەرسىنى ئەمەس نۇرنى تارتىش كېرەكلىكىنى، نەرسىنىڭ پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. نۇر ياخشى بولسا تارتىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تاپقىلى بولاتتى. شۇ چاغلاردا ئوتتۇز مىللىمېتىرلىق فوتو ئاپپارات يېڭى بازارغا سېلىنغانىدى. ئۇ بىر دۇكاندىن «لېيكا» ماركىلىق بىر كونا ئاپپاراتنى سېتىۋالدى. ئاپپاراتنى ئېلىپ يېڭى جېرسى شتاتىدىكى «ماي ئېيى» قولتۇقىغا بېرىپ، دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى بىر ھەپتە ۋاقتىنى دېڭىز ياقىسىدا سۈرەت تارتىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

كىنكاي بىر قېتىم ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ مېيىن شتاتىغا، ئۇ يەردىن ماشىنا توسۇپ ستورنىگدون ئېگىزلىكىگە جايلاشقان ئا-

[1] رېمبرانت —(1606 — 1669) 17 ـ ئەسىردە ياشىغان گوللاندىيىلىك مەشھۇر رەسسام.

رالدىن سەھەردە يولغا چىقىدىغان پوچتا پاراخوتىغا ئۇلگۇرۇپ دېگىنىز بويىغا باردى. ئۇ كېچىنى دالادا ئۆتكۈزدى. ئەتىسى پاراخوت بىلەن فوندى قولتۇقىدىن يېڭى سكوتىيىگە قايتتى. مەنزىرە سۈرەت تارتىش ئۈچۈن قايتا زىيارەت قىلماقچى بولغان يەر ـ جايلارنىڭ ناملىرىنى خاتىرىلىۋېلىشنى شۇ چاغدىن تارتىپ باشلىغانىدى. كىنكاي يىگىرمە ئىككى يېشىدا ھەربىيلىكتىن چېكىنىدى، بۇ چاغدا يامان ئەمەس فوتوگراف بولۇپ قالغانىدى. ئۇ نيۇ يوركتىن بىر خىزمەت تېپىپ، داڭلىق بىر مودا كىيىم فوتوگرافىنىڭ قـول ئاستىـدا يـاردەمـچى بولۇپ ئىشلىدى.

مودېل قىزلار ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. كىنكاي ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى بىلەن نەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ، ئارىسىدىكى بىر قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ قىز پارىژغا كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككىلىسى ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇ قىز ئۇنىڭغا: «روبېرت، سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن. مېنى يوقلاپ پارىژغا بېرىپ تۇرارسىز» دېگەنىدى. كىنكاي ئۇ قىزغا ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى دېگەندە ئۇ راستىنلا شۇنداق ئويدا بولغانىدى، لېكىن بارالمىدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. كىنكاي مەخسۇس سۈرەت تارتقىلى نورماندىيە دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ، پارىژدىكى تېلېفون دەپتىرىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى تاپتى. ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇستى ئوچۇق بىر قەھۋەخانىدا ئىككىسى بىللە قەھۋە ئىچىشتى. ئۇ قىز شۇ چاغدا بىر كىنو رېژىسسورى بىلەن توي قىلىپ ئۈچ باللىق بولغانىدى.

مودا كىيىم ئۇنىڭدا قىزىقىش قوزغىيالمىدى. بىر ئوبدان يېڭى كىيىملەرنى پىرقىرىتىپ تاشلاش ياكى ياۋروپالىق مودا كىيىم مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئەخمقانە ئىش ئىدى. مودا كىيىملەرنى سۈرەتكە تارتىش ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۈرسىنى چۈشۈ-

www.uyghurkitap.com

رۇش بولۇپ تۇيۇلاتتى. «ئەسەر ئىگىسىگە ئوخشايدۇ» ئۇشۇنداق دەپ بۇ خىزمەتتىن قول ئۈزدى.

كىنكاي نيۇ يوركقا قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى يىلى ئايپىسى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئوھىئو شتاتىغا بېرىپ ئايپىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتى. بىر ئادۋوكاتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئايپىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆپ مىراس قالمىغانىدى، ئۆزىمۇ ھېچنېمە تەمە قىلمايتتى. بىراق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تويدىن كېيىن بىر ئۆمۈر ئولتۇرغان كاتەكتەك ئاشۇ ئۆي ئۇچۇن رەنىگە قويغان ئازغىنا مال ـ مۈلكىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ كاتەكتەك بۇ ئۆينى سېتىۋېتىپ پۇلىغا بىر يۇرۇش سۇپەتلىك فوتو ئاپپارات ئۇسكۇنىلىرى ئالدى. پىركازچىكقا پۇل تاپشۇرۇۋېتىپ، كۆڭلىدە مۇشۇنچىلىك پۇلنى يىغىش ئۇچۇن دادىسىنىڭ تالاي يىل جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى، دادىسى بىلەن ئايپىسىنىڭ ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ئويلىدى.

ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بىر نەچچە كىچىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭغا «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دىن تېلېفون كەلدى. ئۇلار كالېندارىدىن ئۇنىڭ «ماي ئېيى» تۇمشۇقىدا تارتقان مەنزىرە سۈرىتىنى كۆرگەنىدى. كىنكاي ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر خىزمەتنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ۋەزىپىنى كارامەت ياخشى ئورۇنداپ شۇ ئورۇندىن سەپەرگە ئاتلاندى.

كىنكاي 1943 ـ يىلى يەنە ئەسكەرلىككە چاقىرتىلدى. ئۇ فوتو ئاپپاراتىنى پۇلاڭلىتىپ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرى بىلەن مۇشكۇل سەپەرنى باشتىن كەچۈرۈپ جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىغا كەلدى. ئىككى كېمىدىن چۇشۇۋاتقان قورۇقلۇقتا چىققۇچى ئەسكەرلەرنى دوم يېتىپ سۈرەتكە تارتتى. ئەسكەرلەرنىڭ چىرايلىرىدا ئەكس ئەتكەن ۋەھىمە

ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇ پىلىموت ئوقلىرىدا ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ تەنلىرىنى، خۇدا ۋە ئاپىلىرىدىن ئۆزلىرىگە نىجاتلىق تىلەۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆردى ۋە بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى. ئۆزى ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭگاھ فوتوگرافلىرىغا بېرىلىدىگەن ئاتالمىش شان ـ شەرەپ ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۇنى قىلچە قىزىقتۇرالمىدى.

كىنكاي 1945 ـ يىلى ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دىكىلەر بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى. ئۇلار ئۇنى قاچانلا كەلسە قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى. ئۇ سان ـ فرانسىسكودىن بىر موتسىكلىت سېتىۋېلىپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ داسورغا باردى. دېڭىز ساھىلىدا كارمېلدىن كەلگەن بىر باس ئىسكىرىپكىچى قىز بىلەن بىرگە بولۇپ، ئاندىن ۋاشىنگتون شتاتىنى تەكشۈرگىلى شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كىنكاي شۇ يەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ يەرنى بازا دەپ بىلەتتى.

كىنكاي ھازىر ئەللىك ئىككى ياشقا كىردى، بالىلىق چاغلىرىدا ناملىرىنى ھۆجرىسىنىڭ تېمىغا چاپلىغان يەرلەرنىڭ تولىسىغا بېرىپمۇ بولدى. ئۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلغاندا ياكى رافوس مەيخانىسىدا ئولتۇرغاندا، ياكى كېمىگە چىقىپ ئامازون دەرياسىدا ئېقىمغا قارشى كېتىۋاتقاندا ۋە ياكى تۆگىنىڭ ئۈستىدە چايقىلىپ ئولتۇرۇپ راجىستاننىڭ[1] قۇملۇقلىرىدىن ئۆتكەندە شۇ يەرلەرگە راستتىنلا بارغان ـ بارمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، پات ـ پاتلا ئۆزىگە ئىشەنمەي قالاتتى.

كىنكاي سۇپېرىئور كۆلىنىڭ نامىنىڭ بىكار چىقمىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ كېيىن يەنە كەلگەندە پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر

---

① راجىستان — ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر شتات. مەزكۇر شتات ئىككىگە بۆلۈنگەن، غەربىي شىمال تەرىپى قۇملۇق، شەرقىي جەنۇب تەرىپىنىڭ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى.

نەچچە جايىنى خاتىرىلىۋالدى. شۇ تاپتىكى تەسىراتىنى كېيىنكى كۈنلەردە ئەسلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن نەچچە پارچە سۈرەت تارتتى. ئاندىن مىسسىسىپپى دەرياسىنى ياقىلاپ جەنۇبقا قاراپ ئىئوۋاغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىئوۋاغا بېرىپ باقمىغانىدى. بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئىككى يېقىدىكى شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان ئېدىرلىقلار كىنكاينى مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ كىرىدون بازىرىغا چۈشۈپ بىر بېلىقچى ئاچقان ئاپتوموبىل مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردە ئىككى كۈن ھەر ئەتىگىنى كېمە سۆرىگۈچى ماتورلۇق كېمىلەرنى سۈرەتكە تارتتى. شۇ يەردىكى بىر مەيخانىدا تونۇشۇپ قالغان كېمىچىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن يېرىم كۈن ۋاقتىنى كېمە سۆرىگۈچى ماتورلۇق كېمىدە ئۆتكۈزدى.

كىنكاي 65 ـ نومۇرلۇق تاشيولغا چۈشۈپ، 1965 ـ يىلى 16 ـ ئاۋغۇست دۈشەنبە كۈنى دېس موينېسنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالغا — ئىئوۋاغا بارىدىغان 92 ـ نومۇرلۇق تاشيولغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل مادىزون ناھىيىسىگە ۋە شۇ ناھىيە تەۋەسىگە جايلاشقان بىر نەچچە كۆۋرۈكلەر بار جايغا قاراپ يول ئالدى. «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ كۆۋرۈكلەر مادىزون ناھىيىسىدە ئىدى. كۆۋرۈكلەر ھەقىقەتەن مۇشۇ يەردە بولۇپ چىقتى. دېسگول ماي قاچىلاش پونكىتىدىكىلەر ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى ۋە يەتتە كۆۋرۈك جايلاشقان يەرلەرنى ئېنىق دەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويدى.

كىنكاي سۈرەت تارتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئالتە كۆۋرۈكنى تېپىش ئاسانغا چۈشتى، يەتتىنچى كۆۋرۈكنى — روسمان كۆۋرۈكنى دەمال تاپالمىدى. ھاۋادىن ئوت تەپتى كېلەتتى، كىنكاي ئۆزىمۇ، ھاررىنىڭ ئىچىمۇ — بۇ ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئىسمى — تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئۇ شېغىللىق يولدا ئايلىنىپ يۈردى. بۇ يول يەنە بىر شېغىللىق يولدىن باشقا ھېچقانداق يولغا تۇتاشمايدىغاندەك قىلاتتى.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتۈن ئادرېسى

ئۇ چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىققاندا «ئۈچ قېتىم يول سوراش»نى ئۆزىگە دەستۇر قىلىۋالغانىدى. ئۇچىلا قېتىم خاتا جاۋابقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ كۆزلىگەن مەنزىلگە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ يەردە ئىككىلا قېتىم سوراش كۇپايە قىلىسا كېرەك.

بىر خەت ساندۇقى بارا ـ بارا كۆزىگە چېلىقتى. تەخمىنەن يۈز مېتىر كېلىدىغان تار كوچىدا ئۇستىگە «رىچارد جونسون RR. 2» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر خەت ساندۇقى تۇراتتى. ئۇ ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ بىرەردىن يول سوراش ئۈچۈن تار كوچىغا بۇرۇلدى.

كىنكاي ماشىنىسىنى ئاستا ھەيدەپ بىر ھويلىغا كىردى، پېشايۋانلىق ئۆينىڭ ئايۋىنىدا بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇ يەر كىنكايغا بۆلەكچىلا سالقىندەك، ھېلىقى ئايال قانداقتۇر مۇزدەك ئىچىملىك ئىچىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئايال ئايۋاندىن چۈشۈپ كىنكايغا قاراپ ماڭدى. كىنكاي ئايالغا سەپسېلىپ قاردى، ئايال يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ياش چاغلىرىدا تولىمۇ چىرايلىق، ھازىرمۇ گۈزەللىكىدىن تېخى كەتمىگەن ئايال ئىدى. ئايالارنىڭ ئالدىدا ئانچە ئوڭايسىزلىنىپ كەتمەيدىغان كىنكاي بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىلىۋاتقان نازلىق بېقىشلىرىدىن تەمتىرەپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## فرانسىسكا

فرانسىسكانىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەچكۈز مەزگىلىگە توغرا كېلەتتى. مۇزدەك يامغۇر تامچىلىرى ئىنىۋادىكى سەھرا پاسوندا سېلىنغان ياغاچ ئۆيگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ يېغىۋاتقان يامغۇردا خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭلۈككە قارىغىنىچە رىچاردنى خىيال قىلدى. رىچارد سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا كۆز شامىلى چىقىپ، يامغۇر ياغقان مۇشۇنداق بىر كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. رىچاردنىڭ جېنىغا زامىن بولغان كېسەلنىڭ ئىسمىنى فرانسىسكانىڭ يادىغا كەلتۈرمىگىنى تۈزۈك. ئۇ شۇ تاپتا رىچاردنى، رىچاردنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكىنى، ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىنى، ئۆزىگە خاتىرجەم تۇرمۇش ئاتا قىلغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى.

باللىرىنىڭ ھەممىسىدىن تېلېفون كەلدى. ئۇلار بۇ يىل ئاپىسىنىڭ ئاتمىش يەتتە ياشقا تولغان كۈنى بولسىمۇ، بۇ خاتىرە كۈنىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. «ئۇ بۇنى بۇرۇنمۇ توغرا چۈشىنىپ كەلگەنىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توغرا چۈشىنەتتى. ھەر ئىككىلا بالىسى ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىۋاتاتتى. بىرى بىر دوختۇرخانىنى باشقۇراتتى، يەنە بىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. مىكىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆيلىنىپ ئورنى ئىسسىدى. كارولىن بىرىنچى قېتىم ئەرگە تېگىپلا ئوخشىسىز لىققا ئۇچرىدى. ئىككىسى ھېچقاچان ئاپىسىنى تۇغۇلغان كۈنىگە توغرىلاپ يوقلاپ كېلىپ باقمىغاندى. بۇ ئىشتىن ئۇ كۆڭلىدە خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ تۇغۇل-

غان كۆننى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزىدىغان ئادىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى.
بۈگۈن ئەتىگەن ۋىيتېرستتىكى دوستلىرى ئۇنى تورت ئېلىپ يوقلاپ كەلدى. فرانسىسكا قەھۋە قايناتتى. ئۇلار نەۋرىلىرىدىن تارتىپ ناھىيىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى، شۈكرانە بايرىمىدا ۋە مىلاد بايرىمىدا كىمگە نېمە ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېيىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. مېھمانخانىدا بىر كۈتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ داۋام قىلىۋاتقان كۈلكە - چاقچاقلار، يېقىملىق كەيپىيات كىشىگە تەسەللى بېرەتتى. بۇ ھال ريچاردتىن مەڭگۈلۈك جۇدا بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا يەنىلا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ كىچىككىنە سەۋەبىنى فرانسىسكانىڭ ئېسىگە سالدى.
مىنىڭ جېنىنىڭ بارچە ئۇنى فلورىداغا بېرىشقا نەسىھەت قىلغان، كارولىن بولسا ئۇنى يېڭى ئېنگلاندىيىگە بېرىشقا ئۈندىگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئىئوۋا ئېيدىرلىقىغا جايلاشقان بۇ زېمىندا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتمەسلىكىدە مۇھىم بىر سەۋەب بار ئىدى. فرانسىسكا شۇنداق قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن قەۋەت خۇش ئىدى.
فرانسىسكا دوستلىرىنى چۈشتە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار «بېرىك»، «فورد» ماركىلىق ماشىنىلىرىنى ھەيدىشىپ ۋىيتېرستقا قاراپ كېتىشتى. ئۇلار ياخشى دوستلاردىن ئىدى، لېكىن فرانسىسكانىڭ يۈرەك قېتىدىكى سىرلىرىنى ھەرگىز بىلمەيتتى، ئېيتىپ بەرگەن ھالەتتىمۇ چۈشەنمەيتتى.
فرانسىسكانى ئېرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ناپولىستىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ بۇ يەردىن ياخشى دوستلارنى تاپالايدىغانلىقىنى ئېيتقان، «ئىئوۋالىقلاردا تۈرلۈك ئاجىزلىقلار بار، باشقىلارغا كۆيۈنۈشكە كەلگەندە، ئۇلار ھېچكىمدىن قېلىشمايدۇ» دېگەنىدى. بۇ گەپ بۈرۈنمۇ ۋە ھازىرمۇ

توغرا بولۇپ چىقتى.

رىچارد بىلەن تونۇشقان چاغدا فرانسىسكا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. ئۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىر خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مەقسەتسىز ياشىدى، شۇ چاغلاردا ئىتالىيە ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى يا جازا لاگېرلىرىدا ئۆلگەن، ياكى يارىلانغان ۋە ياكى ئۇرۇشتا روھىي ۋە جىسمانىي ياقتىن كاردىن چىقىپ كەتكەنىدى. فرانسىسكا ئالىي مەكتەپ سانئەت فاكۇلتېتىنىڭ نىكرو ئىسىملىك بىر پروفېسسورى بىلەن بىر مەزگىل مۇھەببەتلىشىپ يۈردى. بۇ پروفېسسور ئەتىدىن ـ كەچكىچە رەسىم سىزاتتى، كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناپولىس يەر ئاستى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىپ سەيلە قىلاتتى.

فرانسىسكا شېرىن خىياللاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي چېچىنى قىزىل لېنتا چىگىپ يۈردى. ئۇنى ئىزدەپ بىرەر ماتروس قىرغاققا چىقمىدى. كوچا تەرەپكە قارىغان دېرىزىسىدىن يىگىتلەرنىڭ ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانماس بولدى. شەپقەتسىز رېئاللىق ئۇنىڭغا تاللاش يولىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. ئەمما، رىچارد ئۇنى چوڭ كۆرۈپ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرگە تولغان ئامېرىكىغا ئەكىلىپ كۆپ ياخشىلىق قىلدى.

ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر قەھۋەخانىدا ئولتۇرغان فرانسىسكا ھەربىي فورما كىيگەن رىچاردقا باشتىن ـ ئايىغىغىچە دىققەت بىلەن سەپسالدى. رىچاردمۇ ئۇنىڭغا غەربىي ئامېرىكىلىقلارغا خاس سەممىمىي نەزىرى بىلەن قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، فرانسىسكا ئىئوۋاغا كېلىپ بىر قانچە يىل ئۆتمەي رىچاردقا بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ بەردى. ئۇ ئۆكتەبىرنىڭ قەھرىتان قىش كېچىلىرى مىكنىڭ زەيتۇن توپ ئويىنىغىنىنى كۆرەتتى، ئالىي مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالغىلى



www.uyghurkitap.com

كارولىن بىلەن دېس موينېسقا بىللە باراتتى. ناپولېستىكى ئەگىچە - سىڭىللىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم خەت - ئالاقە قىلىشتى. ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەندە ناپولىسقا ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. ئائىلىسى مادىزون ناھىيىسىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ يۇرتىغا كەتكۈسى كەلمىدى.

يامغۇر توختاپ، گۇگۇم چۈشۈشكە يېقىن يەنە يېغىپ كەتتى. فرانسىسكا قاش قارايغان چاغدا بىر رومكا براندى قۇيۇپ، ئاندىن رىچاردنىڭ قاتلىنىدىغان ئۈستەللىنىڭ ئەڭ پەستىكى بىر تارتمىسىنى ئاچتى. ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان بۇ بىساتنى ئۇلار ئۈچ ئەۋلادتىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تارتمىدىن قېلىن بىر كونۋېرتنى ئالدى. ئۈستىدىكى چاڭلارنى ئاستا سىيرىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىدە مۇشۇنداق قىلاتتى.

پوچتا تامغىسىدا «65، 9، 12 ۋاشىنگتون، سىئاتل» دېگەن خەتلەر بار ئىدى. فرانسىسكا ھەمىشە ئاۋۋال پوچتا تامغىسىدىكى مۇشۇ خەتلەرنى ئوقۇيتتى، بۇ تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئاندىن خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ: «ئىئوۋا، ۋېنتېرسىت 2، RR، فرانسىسكا جونسونغا تەگسۇن» ۋە ئاستىنقى قۇرىنىڭ سول بۇرجىكىگە قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ يېزىلغان: «ۋاشىنگتون، بېللىنھام، 624 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقىدىن» دېگەن يازما ئادرېسنى ئوقۇدى. فرانسىسكا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئادرېسقا قارايتتى. چۈنكى، كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ قوللىرى مىدىرلىغاندەك، يىگىرمە ئىككى يىل ئىلگىرى بەدىنىگە تەگكەن ئاشۇ قوللارنىڭ ھارارىتىنى سېزىۋاتقاندەك بولاتتى.

فرانسىسكا ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ بەدىنىگە تەگكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا كونۋېرتنى ئاچتى. ئىچىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۈچ

www.uyghurkitap.com

پارچە خەت، بىر پارچە قىسقا يېزىلغان ماقالىنىڭ ئورىگىنالىنى، ئىككى پارچە سۈرەت ۋە بىر سان «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»نى مۇشۇ ژۇرنالنىڭ باشقا سانلىرىدىن كېسىۋېلىنغان پارچە - پۇرات بەتلىرىنى چىقاردى. فرانسىسكا بارا - بارا يوقاپ كېتىۋاتقان مانان ئىچىدە براندى ئىچكەچ، كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن ماشىنىكىدا ئۇرۇلغان بىر پارچە خەتكە قارىدى. ئۇ بۇ خەتنى مەخسۇس ئۆزى ئىشلىتىدىغان سالام خەت قەغىزىگە يازغانىدى. بېشىدا باسمىچە شەكىلدە يېزىلغان: «روبېرت كىنكاي، فو - توگراف ــ يازغۇچى» دېگەن خەتلەر بار ئىدى.

*سۆيۈملۈك فرانسىسكا:*

*ئىككى پارچە سۈرەتنى قوشۇپ ئەۋەتتىم. بىر پارچىسى سىزنى فېرمىدا كۈن چىققان پەيتتە تارتقان سۈرەت. بۇ سۈرەتنى سىزنىمۇ خۇددى مەندەك ياخشى كۆرسىكەن دەيمەن. يەنە بىر پارچىسى روسمان كۆۋرۈكىدە تارتىلغان سۈرەت. مىخ بىلەن روسمان كۆۋرۈكىگە مىخلاپ قويغان باغاقچىڭىزنىمۇ قوشۇپ تارتقاندىم. مەن بۇ يەردە ئىككىمىز بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ چاغلارنىڭ كۆڭۈللۈك مەنزىرىلىرىنى كېچە - كۈندۈز ئەسلەپ تۇرىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە يېنىش - يېنىشلاپ: «مەن ئايوۋادىكى مادىزون ناھىيىسىدە قانداق ئىشقا يولۇقتۇم؟» دەپ سوئال قويىمەن ۋە بۇنى ئېنىق ئەسلەشكە تىرىشىمەن. شۇڭا «نۆل گرادۇسلۇق بوشلۇقتىن چۈشۈش» ماۋزۇلۇق قىسقا ماقالىنى يېزىپ سىزگە ئەۋەتتىم. بۇ چارە چىگىشلىشىپ كەتكەن پىكىر - خىياللىرىمنىڭ تۇگۈچىنى يېشىدۇ دەپ ئويلايمەن.*

*فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزىدىن قارىسام ئاپپاراتىنىڭ ئۇ بېشىدا سىزنى كۆرىمەن، بىر پارچە ماقالىنى باشلىسام يەنىلا سىزنى يازىمەن. ئايوۋادىن بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ھېلىمۇ ياخشى بۇ كونا ماشىنا بىلەن كېلىۋالدىم. ئەمما، كەلگۈچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرىمنى تازا يادىمغا ئالالمايمەن.*

*بىر نەچچە ھەپتە ئاۋۋال ئۆزۈمنى راۋۇرۇس تۇتۇۋالالايدىغان*

ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ ئۆزۈمدىن خۇش بولغانىدىم. كۆڭلۈم غەشلىككە تولۇپ، ئانچە - مۇنچە ئىچىم پۇشۇپ قالسىمۇ يەنىلا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرەتتىم، ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئۆزگەردى.

ئەمدى شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ناھايىتى ئۇزۇندىن بۇيان مەن سىزگە قاراپ كېتىۋاتقانىكەنمەن، سىز ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانىكەنسىز. بىز ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمىسەكمۇ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن غايىبانە قىسمەتنىڭ بىزنىڭ چوقۇم جەم بولىدىغانلىقىمىزغا كېپىل بولۇپ ئېيتقان لەرزان ناخشىسىنى خىيالەن ھېس قىلىپ كەلگەنىكەنمىز. تالاي يىللاردىن بېرى ئۆمرىمىز بىر خىل سېھرىي كۈچنىڭ كارامىتىدە تۇتاش كەتكەن چەكسىز ئوتلاقلارنىڭ ئۈستىدىن بىر - بىرىنى ئىزدەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تەنھا ئىككى تۇرنىدەك مەن سىزنى، سىز مېنى ئىزدەش بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ھېلىقى يول مېنى غەلىتە بىر جايغا ئاپىرىپ قويغانىدى. ماشىنامنى ئۇياق - بۇياققا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، سەككىزىنچى ئايلارنىڭ بىر كۈنى ئىدى، سىز ئوتلاقتىن ئۆتۈپ، ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپسىز. ھازىر ئويلىسام، بۇ ماڭا مۇقەررەردەك —— باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك —— بىلىندى. مەن بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى تاسادىپىيلىق دەپ قارىدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئەمدى ئىچىمگە باشقا بىر ئادەمنى قاچىلاپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دوقۇرۇپ يۈرمەكتىمەن. لېكىن بىز ئايرىلغان ھېلىقى كۈنى: «ئىككىمىزنىڭ جىسمىدىن ئۈچىنچى كىشىنىڭ بىر جىسمى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېگەن قارىشىم ماڭا ناھايىتى توغرىدەك تۇيۇلدى. شۇ جىسىم ماڭا ئەگىشىپ يۈرمەكتە.

مەيلى نېمە بولسۇن، مەيلى قاچان ۋە قەيەردە بولسۇن، چوقۇم كۆرۈشۈشىمىز كېرەك.

مەيلى نېمىگە ھاجەتمەن بولۇڭ ياكى مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىستەڭ، ماڭا تېلېفون بېرىڭ. مەن قىرىق بەش مىنۇتقىچە

www.uyghurkitap.com

*دەرھال يېتىپ بارىمەن. يېنىمغا قاچان كېلىشىنى خالىسىڭىز ماڭا خەۋەر قىلىڭ. ئايروپىلاننىڭ كىرا ھەققىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن. كېلەر ھەپتە ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا بارىمەن. بۇ يەرگە ئۆكتەبىردە قايتىپ كېلىمەن.*

*سىزنى سۆيۈپ*

*روبېرت*

*1965 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر*

*ئەسكەرتىش: مادىزون ناھىيىسىدە تارتىلغان سۈرەتلەر بەك ياخشى چىقىپتۇ، كېلەر يىللىق «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» غا قاراڭ. سىزگە شۇ سۈرەتلەر بېرىلگەن ژۇرنالنىڭ سانلىرى كېرەك بولسا ماڭا دەڭ!*

فرانسىسكا جونسون قولىدىكى رومكىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇپ ئۆزىنىڭ 8×18 چوڭلۇقتىكى سۈرىتىگە تىكىلدى. ئۇ بەزىدە يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى تەستە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ سۈرەتكە پادىچى ئىشتىنى كىيگەن، پۇتىدا سايما كەش، ئۇچىسىدا ئويما ياقىلىق ئاق كۆڭلەك، چاچلىرى تاڭ شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ھالەتتە، چىتلاقنىڭ يېنىدىكى قوزۇققا يۆلىنىپ چۈشكەنىدى.

ئۇ ئولتۇرغان دېرىزىنىڭ قانتىدىن ئاشۇ ياغاچ قوزۇقنى ھېلىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. فېرمىنىڭ ئەتراپىدىكى چىتلاقلار ھازىر كونىراپ كەتكەنىدى. رىچارد ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، فرانسىسكا يەرنى ئىجارىگە بەرگەندە، فېرمىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىش توغرۇلۇق خېرىدار بىلەن ئېنىق يازما ھۆججەت تۈزۈشكەنىدى.

ئۇنىڭ سۈرەتتىكى چىرايىغا ئەمدىلەتىن بىر تال قورۇق چۈشۈشكە باشلىغانىدى. شۇ بىر تال قورۇقمۇ روبېرت كىنكاينىڭ ئاپپاراتىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇ سۈرەت-

تىن ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ يەنىلا مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى. چاچلىرى قاپقارا، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى، پادىچى ئىشتىنى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. فرانسىسكا شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىغا دىققەت بىلەن قاراۋاتاتتى، ئۇ چىراي سۇرەت تارتىۋاتقان ئەرنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر ئايالنىڭ چىرايى ئىدى.

فرانسىسكا ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلەيدىغان بولسىلا روبېرتنىڭ چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇ ھەر يىلى خۇددى ئۆز تارىخىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد سۆزلەپ مۇشۇ كەمـ چىگە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قەبىلە ھالىتىدىكى مىللەتلەرـ دەك تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتـ كۈزۈپ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۇچۇن يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا چىگىۋالغانىدى. روبېرت ئورۇق، ئېگىز كەلگەن سالاـ پەتلىك كىشى ئىدى. قولاقلىرىنىڭ كەينىدىن چىقىپ قالغان بىر تۇتام چاچلىرى خۇددى ئۆزۈن سەپەردە بوراندا قېلىپ يېڭىلا كەلگەن يولۇچىنىڭ چاچلىرىدەك ھەمىشە پاخپىيىپ تۇراتتى.

ئۇ يۈزى سوزۇق، دوقا ماڭلاي ئىدى، پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى ئاستىدىكى كۆك كۆزلىرى سۇرەتكە تارتقۇدەك بىر نىشاننى ئىزدەۋاتقاندەك توختىماي پىلدىرلاپ تۇراتتى. روـ بېرت شۇ چاغدا فرانسىسكاغا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سەھەر مەزگىلىدىكى چىرايىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق ۋە يۇمران ئىكەنلىـ كىنى دەپ، قوزۇققا يۆلىنىپ تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلغان. روبېرت فرانسىسكانىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ ئۇنى ئاۋۋال تىزلىنىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سۇرەتكە تارتقانـ دى، ئاپپاراتنى يېتىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا توغرىلىغانىدى.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ پلىيونكىنى ئىشلىـ تىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئەنسىرىگەن، لېكىن يەنە ئۆزىگە شۇنچىلىك ئېتىبار بەرگەنلىكىدىن خۇشالمۇ بولغانىدى. ئۇ قوـ

لۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ بۇنچە ئەتىگەندە تراكتورلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ قالماسلىقىنى تىلەپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە مۇشۇنداق خاسىيەتلىك سەھەردە قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئويلاپ كېتىشلىرى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپمۇ كەتمەيتتى.

روبېرت سۈرەتكە تارتاتتى، ئاپپاراتىغا پلېيونكا سالاتتى، ئاپپاراتىنىڭ كۆزىنى يەڭگۈشلەيتتى، ئاپپارات ئالماشتۇراتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭ بىلەن پەس ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى، فرانسىسكانىڭ كۆزىگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرەتتى: «فرانسىسكا، سىز نېمىدېگەن گۈزەل، پەقەت ئەقلىم يەتمەيدۇ.» روبېرت شۇنداق دەپ بەزىدە ئىشنى توختىتىپ خۇددى كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك فرانسىسكاغا كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتەتتى.

فرانسىسكانىڭ ئويما ياقىلىق كوپتىسىنىڭ تارتىشقان يېرىدە كۆكسىلىرىنىڭ توپچىسى ئېنىق بىلىنىپ قالغانىدى، بۇنىڭدىن ئۇ قىلچە خىجىل بولمىغانىدى. ئەكسىچە، روبېرتنىڭ كۆكسىلىرىنى ئاپپاراتنىڭ كۆزى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. فرانسىسكا رىچاردنىڭ ئالدىدا بۇنداق يۈرەلمەيتتى، بۇنداق يۈرۈشنى رىچارد خوپ كۆرمەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، فرانسىسكا روبېرت كىنىكايغا يولۇقۇپ قىلىشتىن ئاۋۋال ھەرقانداق چاغدا بۇنداق يۈرۈپ باقمىغانىدى.

روبېرت ئۇنىڭغا بېلىنى سەل كەينىگە ئېگىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئاندىن پەس ئاۋازدا: «ياخشى، ياخشى، مانا مۇشۇنداق تۇرۇڭ» دېگەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆرۈۋاتقان بۇ سۈرەتنى روبېرت شۇ چاغدا تارتقان، نۇر ئالامەت ياخشى تەڭشەلگەنىدى. «نېمىدېگەن ئوچۇق چىققان» دېگەنىدى روبېرت تارتقان سۈرىتىنى ماختاپ.

www.uyghurkitap.com

روبېرت ئاجايىپ چاققان ئىدى. ئەينى چاغدا روبېرتقا قا-راپ تۇرغان فرانسىسكامۇ «ئەجەب چاققان ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ ئەللىك ئىككى ياشقا كىرگەن، ئورۇق ئادەم بولغىنى بىلەن ھەرىكەتلىرى چاققان ھەم چەبدەس ئىدى. جاپالىق ئەمگەك قىلغان ھەم ئۆزىنى ئاسراشنى بىلگەن ئادەملا مۇشۇنداق چەبدەس بولىدۇ. روبېرت فرانسىسكاغا تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدا ئۆزىنىڭ جەڭگاھ فوتوگراف مۇخبىرى بولغان-لىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. فرانسىسكا روبېرتنى بوينىغا نەچ-چە ئاپپاراتنى ئېسىۋېلىپ، دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئىس - تۈتەككە تولغان دېڭىز ساھىلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن، مەيدىسى-دىكى ئاپپاراتنىڭ كۇنۇپكىسىنى توختىماي بېسىۋاتقان، سۈرەت-نىڭ تېزلىكىدىن ئاپپاراتىغا ئوت كەتكىلى قىل قالغان ھالەتنە تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

فرانسىسكا سۈرەتكە سىنچىلاپ سەپسالدى. «شۇ چاغدا چى-رايلىق ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىدىن زوق-لىنىپ، — ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق بۇنداق چىرايلىق بولۇپ باقمىغانىدىم. بۇنىڭغا ئۇ سەۋەبچى.» فرانسىسكا بىراندىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى. يامغۇر چىقىۋاتقان شامالغا ئەگىشىپ بىردەم كۈچىيىپ، بىردەم پەسىيىپ يې-غىۋاتاتتى.

روبېرت كىنكاينى سېھىرگەر دېسىمۇ بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ياشايتتى، ئۇ غەلىتە ۋە بەكمۇ قورقۇنچلۇق دۇنيا ئىدى. 1965 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ قۇرغاق ۋە پېژ - پېژ ئاپتاپلىق دۈشەنبە كۈنى روبېرت ماشىنىسىدىن چۈشۈپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقاندا فرانسىسكا بۇنى شۇئان ھېس قىلغانىدى. رىچارد ئىككى بالىسىنى ئېلىپ كۆرگەزمىدە مۇكاپاتلانغان موزى-يىنى كۆرگىلى ئىللىنوس شتاتىغا كەتكەنىدى. ئۇ موزاي فران-

سىسكا ئېرىشكەن ئىلتىپاتتىمۇ كۆپرەك ئىلتىپاتقا ئېرىشكەنىدى. بىر ھەپتە ۋاقىت فرانسىسكاغا ئوڭچە قالغانىدى.

فرانسىسكا پېشايۋاندىكى ئىلەڭگۈچتە مۇزدەك چاي ئىچەچ، ناھىيە تاشيولىدا ئاستا كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ماشىنا ناھايىتى ئاستا كېلىۋاتاتتى. شوپۇر خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ماشىنىنى فرانسىسكارنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان تار كوچىنىڭ ئاغزىدا توختاتتى.

فرانسىسكا يالىڭاياغ، پادىچى ئىشتىنى بىلەن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك ئىش كىيىمى كىيىۋالغان، يەڭلىرىنى ئېگىز تۈرۈۋالغان، ئۇزۇن چاچلىرىغا تارغاق قىستۇرۇۋالغانىدى. بۇ تارغاقنى مەرھۇم دادىسى ئۇنىڭغا ۋەتىنىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بەرگەنىدى. ماشىنا دەرۋازا ئالدىغا يېقىنىراق كېلىپ توختىدى.

فرانسىسكا ئايۋاندىن چۈشۈپ، ئاستا ماڭغىنىچە دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ماشىنىدىن چۈشكەن روبېرت بىر قاراشتا «قىستۇرما سۈرەتلىك سامانلار[1] تارىخى» ناملىق يېزىپ بولۇنمىغان كىتابتىكى خىيالىي ئوبرازلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.

روبېرتنىڭ قوڭۇر ھەربىيچە كۆڭلىكى تەردىن ھۆل بولۇپ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان، كۆڭلىكىنىڭ ئىككىلا قولتۇقىنىڭ ئالىقاندەك يېرى سارغىيىپ كەتكەن، ئۈچ تۈگمىسى يېشىۋېتىلگەنىدى، بويىنىدىكى كۈمۈش زەنجىرى مۇسكۇللىرى چىڭ تارتىشىپ كەتكەن مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

روبېرت: «كەچۈرۈڭ، مالال قىلدىم، مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر كۆۋرۈكنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، تاپالمايۋاتىمەن، ئېزىپ قالدىممىكىن دەيمەن» دېگەنىدى يوغان كۆك قول ياغلىق بىلەن

---

① سامانلار — شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ بىر قەبىلىسى، ئېپتىدائىي ئېتىقادى بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى پېرىخونلار دەپ بىلىدۇ.

پېشانىسىنى سۈرتكىنىچە كۆلۈمسىرەپ.

روبېرت كۆزلىرىنى فرانسىسكادىن ئالالماي قالدى. فرانسىسكاغا ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر نەرسە مىدىرلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاشۇ كۆزلەر، ئاشۇ ئاۋاز، ئاشۇ چىراي، ئاشۇ كۈمۈش چاچلار! ئاھ، روبېرتنىڭ بەدىنىنى ئەركىن ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى... ئۇ كىشىنى ساراسىمىگە، قورقۇنچقا سالىدىغان قەدىمكى ئۇسۇل، بۇ توسالغۇ زەربىسىدىن يېتىپ قېلىپ، كۆزىگە ئۇيقۇ ئىلىنغان ئاخىرقى پەيتتە قولىقىغا پىچىرلاپ گەپ قىلىش ئۇسۇلى ئىدى؛ ھەرقانداق ئەركەك ـ چىشى ئاردىكى بوشلۇقنى يېڭىۋاشتىن تەڭشەش ئۇسۇلى ئىدى.

بۇ ئۇسۇلنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ ئۇسۇل مۇشۇ ئېھتىياجنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. كۈچ پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر. لايىھىلەنگەن نۇسخا نەپىسلىكتە يېگانە. بۇ قەتئىي ۋە مەنزىلى ئېنىق ئۇسۇل. بۇ ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل ئىدى. بىز ئۇنى تولىمۇ مۇرەككەپ قىلىۋەتكەندەك قىلىمىز. فرانسىسكا بۇنى ھېس قىلدى، لېكىن يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن ھېس قىلغانلىقىنى بىلمىدى. ئۇنىڭدىكى مەڭگۈلۈك ئۆزگىرىش مانا شۇنىڭدىن باشلاندى.

يولدىن بىر كىچىك ماشىنا توپا ـ چاڭ پۇرقىراتقىنىچە سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. فرانسىسكا فروېد كراكنىڭ قوللىرىنى ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ قىلغان سالىمىغا جاۋابەن سالام بېرىپ، ئاندىن ناتونۇش كىشىگە بۇرۇلدى.

ــ يېقىنلاپ قالدىڭىز، ئۇ كۆۋرۈك بۇ يەردىن ئىككى ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا.

يېگىرمە يىلدىن بېرى تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر، سەھرا مەدەنىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز ئۆزىنى سوراپ، تاپ-

تىن چىقىپ كەتمەي ياشاپ كېلىۋاتقان فرانسىسكا بىردىنلا:

— خالىسىڭىز، مەن سىزنى باشلاپ باراي، — دەۋەتتى، بۇ گېپىدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى.

ئۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ، مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىمۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دەپ بېرەلمەيتتى. ياش قىزلارنىڭ كۆڭلى ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خۇددى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك ئاخىر يېرىلىپ كەتسە كېرەك. ئۇ بەك ئۇياتچان ھەم بەك يۇرەكلىكمۇ ئەمەس ئىدى. فرانسىسكا كۆرۈشكىنىگە نەچچە مىنۇتلا بولغان روبېرت كىنكايغا ئۆزىنى مەپتۇن قىلىۋالغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرگۇنلۇكىدىن سەل غەيرىيلىك ھېس قىلغاندەك قىلىقى شەكسىز ئىدى، لېكىن بۇ ھالەت بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، روبېرت ئۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار بولدى. فرانسىسكا پەلەمپەيدىن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلغاندا كىيىدىغان ئۆتۈكىنى ئېلىپ روبېرتنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە ئورۇن چىقىرىپ بېرەي، بۇ يەر ساپلا ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر بىلەن تولغان، — دېدى روبېرت ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك غۇدۇڭشىپ. فرانسىسكا روبېرتنىڭ سەل ھودۇقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

روبېرت كاناپ خالتا بىلەن ئۇچ پۇتلۇق جازىنى، تېرموسنى ۋە قەغەز خالتىنى قايتىدىن جايلاشتۇردى. ماشىنىنىڭ كەينىدە شامال ۋە بوراندا قېلىپ توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ كەتكەن سامسىن پاسونىدىكى قوڭۇر چامادان ۋە بىر گىتار قېپى يوللۇق بوغقۇچ بىلەن زاپاس چاقاقا باغلاپ قويۇلغانىدى.

روبېرت غۇدۇڭشىپ قەغەز قەھۋە ئىستاكانى، بانان شۆپۈكلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى چوڭ قەغەز خالتىغا سېلىپ ما-

شىنىنىڭ كەينى ساندۇقىغا تاشلىغاندا، ئىشىك يېپىلىپ كېتىپ كاسسىسىغا تېگىپ كەتتى. ئاقۇش سىرلانغان مۇزلاتقۇنىمۇ ماشى-نىنىڭ كەينىگە قويدى. ماشىنىنىڭ يېشىل ئىشىكىدىكى «فو-توگراف كىنكاي، ۋاشىنگتون، بېللىنھام» دېگەن خەتلەر ئۆ-چۈپ كەتكەنىدى.

— بولدى، ئەمدى قىستىلىپ كىرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ فرانسىسكا كىرىۋالسا ئاندىن ياپماقچى بولغاندەك ئى-شىكنى تارتىپ تۇرۇپ. روبېرت شوپۇر ئولتۇرىدىغان تەرەپكە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن رولنىڭ ئۇدۇ-لىدىن ئورۇن ئالدى. روبېرت فرانسىسكاغا «لەپپىدە» قاراپ قويدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قاياققا ماڭىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئوڭ تەرەپكە، — دېدى فرانسىسكا قولى بىلەن ئوڭ ياقنى كۆرسىتىپ. روبېرت ئاچقۇچنى سېلىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. ماشىنا سىلكىنگەن پېتى تار كوچىدىن چوڭ يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. روبېرتنىڭ ئۇزۇن پۇتلىرى خوتنى ئەر-كىن دەسسەپ تۇراتتى.

روبېرت ئېڭىشىپ ئالدىدىكى ھەر خىل نەرسىلەر قاچىلان-غان ساندۇققا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، جەينىكى ئىختىيارسىز فران-سىسكانىڭ يوتىسىغا تېگىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى ئالدى تەرەپتە، يەنە بىر كۆزى ئالدىدىكى ساندۇقتا ئىدى. ئۇ ساندۇق-تىن «روبېرت كىنكاي، فوتوگراف — يازغۇچى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان بىر ئىسىم كارتۇشكىسىنى ئېلىپ فرانسىسكاغا بەر-دى. كارتۇشكىدا ئۇنىڭ ئادرېسى بىلەن تېلېفون نومۇرى بار ئىدى.

— مېنى بۇ يەرگە «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» ئەۋەتكەن. سىز بۇ ژۇرنالنى بىلەمسىز؟ — دېدى روبېرت ئۇنىڭغا.

— بىلىمەن، — دېدى فرانسىسكا. كۆڭلىدە، بۇ ژۇرنال-

www.uyghurkitap.com

نى كىم بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

— ئۇلار ژۇرنالغا لەمپىلىك كۆۋرۈك توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە بەرمەكچى بولغانىكەن. مۇشۇنداق قىزىقارلىق بىر نەچچە كۆۋرۈكنىڭ ئىئوۋاغا قاراشلىق مادىزون ناھىيىسىدە بارلىقى ئېنىق. مەن ئالتىسىنى تاپتىم. ھېچبولمىغاندا يەنە بىرى بار دەپ قىياس قىلىمەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ كۆۋرۈك ئالدى تەرەپتىكەن.

— ئۇ كۆۋرۈكنى روسمان كۆۋرۈكى دەيمىز، — دېدى فرانسىسكا. ئۇنىڭ شامالنىڭ، چاقلارنىڭ ۋە ماتورنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكەن ئاۋازى بېشىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ يىراقتىكى ۋوگزالغا نەزەر سالغان ياكى پىرېستاندا خىيالغا پېتىپ، تېخى پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەن يىراقتىكى سۆيگۈنىنى سېغىنغان ئون توققۇز ياشلىق ھېلىقى ناپولىس قىزىنىڭ ئاۋازىدەك سەل غەيرىي چىقىپ كەتتى. فرانسىسكا گەپ قىلىۋېتىپ روبېرتنىڭ خوت يۆتكىگەن چاغدا بىلىكىنىڭ ئىگىلگەن ھالىتىگە سەپسالدى.

روبېرتنىڭ يېنىدا ئىككى سومكا بار ئىدى، بىرىنىڭ ئاغزى ئېتىلگەن، يەنە بىرىنىڭ ئاغزى ئوچۇق ئىدى. سومكىدىكى ئۈستى ئاقۇش، كەينى قارا ئاپپارات، پىلىيونكا قۇتىسىنىڭ ئاستى، ئاپپاراتنىڭ كەينىگە چاپلانغان «كودا، رەڭلىك، 25 — 36 پارچە» دېگەن ماركا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سومكىنىڭ كەينىگە يانچۇقلىرى جىق بىر جىلتىكە پۇرلاپ تىقىۋېتىلگەنىدى. جىلتىكىنىڭ بىر يانچۇقىدىن بىر ئۇچىدا پۇرشىن بار بىر يىپ چىقىپ قالغانىدى.

فرانسىسكانىڭ پۇتلىرىنىڭ كەينىدە مۇدۇر - چوقۇر ئۇچ پۇتلۇق جازىدىن ئىككىسى تۇراتتى. ئۇ ئىككى جازىنىڭ بىرىدىكى سويۇلۇپ كىتەي دەپ قالغان «كىزو» دېگەن ماركىنى ئاران ئىلغا قىلالىدى. روبېرت ماشىنىنىڭ پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى سالىدىغانساندۇقنى ئاچقاندا ساندۇق ئىچىنىڭ خاتىرە دەپتەر،

خەرىتە، قەلەم، قۇرۇق پىلىيونكا قۇتىلىرى، پارچە پۇل ۋە بىر پاچكا «تۆگە» ماركىلىق تاماكا بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى.

— ئالدىمىزدىكى كىچىك دوقمۇشتا ئوڭغا قايرىلىمىز، — دېدى فرانسىسكا. ئۇ مۇشۇ ھالىتىدە روبېرت كىنكاينى يان تەرەپتىن ئېنىق كۆرۈۋالدى. روبېرتنىڭ قاپقارا ھەم سىلىق تېرىسى تەرلەپ پارقىراپ كەتكەنىدى، ئاغزى بەك چىرايلىق ئىدى. فرانسىسكا نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا باشتىلا دىققەت قىلغانىدى. روبېرتنىڭ بۇرنى فرانسىسكا كۆرگەن ئىندىئانلارنىڭ بۇرنىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. فرانسىسكا ئىندىئانلارنىڭ بۇرۇنلىرىنى بالىلىرى تېخى كىچىك چاغدا پۇتۇن ئائىلىسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىغا دەم ئېلىشقا بارغاندا كۆرگەنىدى.

ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، روبېرتنى قاملاشقان ياكى سەت دەپ كەتكىلى بولمايتتى. يۇمۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ ئۇنىڭ تۇرقىغا زادىلا ياراشمىغانىدى. لېكىن، روبېرتتا قانداقتۇر بىر نەرسە، كۆپنى كۆرگەن قېرىلارغا خاس سالاپەت بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن ئەمەس، بەلكى قاراشلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

روبېرتنىڭ سول بىلىكىدە تاسمىسى تەردىن سارغىيىپ كەتكەن بىر سائەت، ئوڭ بىلىكىدە گۈل چېكىلگەن كۈمۈش بىلەزۈك بار ئىدى. فرانسىسكا كۆڭلىدە، بۇ بىلەزۈككە كۈمۈش ياللىتىلسا، پارقىراپ كېتەر ئىدى، دەپ ئويلىدى ھەم شۇئان يەرلىكلەردىن سىڭگەن ئەرزىمەس ئىشلارغا دىققەت قىلىدىغان ئادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان بۇ ئادەتكە ئۈنسىز قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

روبېرت كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن بىر قاپ تاماكا ئېلىپ، فرانسىسكاغا بىر تال تۇتتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ توختىمايتتى. فرانسىسكا بەش مىنۇت ئىچىدە ئىككى قېتىم غەيرىي-

لىنىڭ ھېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ تاماكىنى ئالدى ۋە مەن نېمە قىلىۋاتىمەن؟ دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە. ئۇ بۇرۇن تاماكا چەككەن، كېيىن رىچاردنىڭ قاتتىق ئەيىبلەشلىرى بىلەن تاشلىغانىدى. روبېرت تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن يەنە بىر تال تاماكا ئېلىپ چىشلىگىنىچە «دىپور» ماركىلىق سېرىق چاقمىقىنى ياندۇرۇپ فرانسىسكاغا تەڭلىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى يولدا ئىدى.

فرانسىسكا قوللىرى بىلەن ئوتنى شامالدىن دالدا قىلدى. ماشىنىنىڭ سىلكىشى بىلەن تەڭ چاقماقنى تۇز تۇتالماي تىترەپ كېتىۋاتقان روبېرتنىڭ قولىغا قولى تېگىپ كەتتى. تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئۇچۇن ھېچقانچە ۋاقىت كەتمەيتتى، لېكىن شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە روبېرتنىڭ قولىنىڭ ھارارىتىنى ۋە قولىنىڭ دۇمبىسىدىكى يۇمران تۈكلەرنىڭ قولىغا يۇمشاق تەگكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى. فرانسىسكا كەينىگە يۆلەندى. روبېرتقا رولنى قويۇۋېتىپ قوللىرى بىلەن شامالنى توسۇپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇشقا بىر سېكۇنتمۇ ۋاقىت كەتمىدى.

فرانسىسكا توپا ـ چاڭغا تولغان ماشىنىدا بەخىرامان تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ:

ــ كەلدۇق، ئاشۇ دوقمۇشتىن ئۆتسەكلا يېتىپ بارىمىز، ــ دېدى ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىرلىرى چۇشۇپ ئالا ـ بۇلىماچ بولۇپ قالغان قەدىمكى قىزىل كۆۋرۈك كىچىك بىر ئېقىننىڭ ئۈستىدە بىر ياققا سەل قىڭغىيىپ تۇراتتى.

روبېرت كىنكاينىڭ چىرايىغا شۇئان كۈلكە يۈگۈردى ۋە فرانسىسكاغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

ــ بەك ياخشى بولدى، كۈن چىققان چاغدا سۈرەت تارتىدىغان بولدۇم، ــ دېدى. ئۇ كۆۋرۈككە يۈز مېتىر قالغان

يەردە ماشىنىنى توختاتتى ۋە ئاغزى ئوچۇق ھېلىقى سومكىنى ئېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى.

— بىر نەچچە مىنۇت تەكشۈرۈپ كۆرسەم خاپا بولمايدىغانسىز؟ — دېدى. فرانسىسكا بېشىنى لىڭشىتىپ، «بولىدۇ» دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

فرانسىسكا كېتىۋاتقان روبېرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. روبېرت سومكىسىدىن بىر ئاپپاراتنى ئېلىپ، ئاندىن سومكىنى سول مۈرىسىگە ئالدى. روبېرتنىڭ مىڭ قېتىملاپ قىلغان بۇ ھەرىكىتىدىن فرانسىسكا ئۇنىڭ چەبدەسلىكىنى كۆرۈۋاپ تۇردى. روبېرت ماڭغاچ توختىماي ئۇياق - بۇياققا قارايتتى، بىر كۆۋرۈككە قارىسا، بىر دەم كۆۋرۈكنىڭ كەينىدىكى دەل - دەرەخلەرگە كۆز يۈگۈرتەتتى. شۇ ئەسنادا بىرلا قېتىم فرانسىسكاغا قارىدى. روبېرتنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى.

روبېرت كىنكاي شورپا، ياغيۇ ۋە گۆش ئىستېمال قىلىدىغان يەرلىكلەردىن پەرقلىنەتتى، خۇددى مېۋە - چېۋە قۇرۇق يەل - يېمىش ۋە كۆكتاتتىن — ئۇنىڭ بەزى كۈنلىرى ئۈچ ۋاخ يەيدىغان نەرسىسى شۇ ئىدى — باشقا ھېچنېمە يېمەيدىغاندەك قىلاتتى. جېنى چىڭكەن، دەپ ئويلىدى فرانسىسكا. روبېرتنىڭ ھەقىقەتەن جېنى چىڭ ئىدى. فرانسىسكا ئۇنىڭ پادىچى ئىشتىنى «چىپپىدە» كەلگەن ئورۇق كاسىسىغا دىققەت قىلدى. ئىشتىنىنىڭ سول يانچۇقىدىن تومپىيىپ چىقىپ قالغان ھەمىيانىنى ۋە ئوڭ يانچۇقتىكى قول ياغلىقىنى كۆردى، روبېرتنىڭ ھەرىكەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلدى.

ئەتراپ جىمجىت ئىدى، سىم تاناپقا قونۇۋالغان قىزىل قاناتلىق سېرىق قۇشقاچ فرانسىسكاغا قاراپ تۇراتتى. يول بويىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن ئوتلاقتىكى بۆدۈنىلەرنىڭ ناۋاسى كېلەتتى. ئاۋغۇستتىكى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن دالىدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى.

روبېرت كىنكاي كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ، ئاندىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئاپپارات بىلەن ئەتراپقا قارىدى، يولنىڭ چېتىگە ئۆتۈپ بايىقى ھەرىكىتىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىغا ئۆتۈپ يان تەرەپتىكى بىر كىچىك تۆشۈكتىن كۆۋرۈك ئاستىدا ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدى.

فرانسىسكا تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ، ئىشىكنى ئېچىپ پۇتلىرىنى كابىنكىنىڭ پەلەمپىيىگە قويدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىپ ئۆتۈكىنى كىيىۋالدى. فرانسىسكا ئەتراپقا قاراپ قولۇم - قوشنىلىرىدىن بىرەرىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگەنلىكىگە كۆزى يەتتى، ئاندىن كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ياز كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتەتتى، لەمپىلىك كۆۋرۈك ھەر ھالدا سالقىنراق ئىدى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى بېشىدا تۇرغان روبېرتقا قارشى ئېقىننىڭ يانباغرىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان يولدا كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

فرانسىسكا كۆۋرۈكنىڭ لەمپىسىگە ئۇۋا سالغان كەپتەرلەرنىڭ گۈگۈلدىغان يېقىملىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى، ئالىقانلىرىنى كۆۋرۈكنىڭ شادىسىغا قويۇپ ئەتراپقا زوقلىنىپ قارىدى. رىشاتكىلارنىڭ بەزىلىرىگە «دىپـور - دىنىسـون، ئىئـوۋا»، «شىللى - دوب»، «كەتكىن، قىرى بۇركۇت» دېگـەن خەتلەر قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغانىدى. كەپتەرلەر بىر خىلدا يېقىملىق گۈگۈلايتتى.

فرانسىسكا ئىككى رىشاتكىنىڭ ئارىلىقىدىن ئېقىن بويلاپ كېتىۋاتقان روبېرتقا قارىدى. روبېرت ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىدە كۆۋرۈككە قاراپ تۇراتتى. ئۇ روبېرتنىڭ ئۆزىگە قول پۇلاڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇ قىرغاقتا سەكرەپ ئۆتۈپ بىمالال ھالدا تىك پەلەمپەيگە

www.uyghurkitap.com

چىقتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ كۆۋرۈككە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرگۈچە سۇ يۈزىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمىدى.

— بەك ياخشىكەن، بۇ يەر نېمىدېگەن گۈزەل، — دېدى روبېرت. ئۇنىڭ ئاۋازى بۇ لەمپىلىك كۆۋرۈكتە ئەكس سادا قوزغىدى.

فرانسىسكا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— راست ئېيتتىڭىز، بەك گۈزەل، ئەمما بۇ يەردىكى بىر نەچچە كۆۋرۈك بىزگە ئادەتتىكى كۆۋرۈكتەك تۇيۇلىدۇ، شۇڭا ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيمىز، — دېدى.

روبېرت فرانسىسكانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ياۋا سېرىق جۇخار گۈللىرىدىن تىزىلغان بىر دەستە گۈل بەردى.

— مېنى باشلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سۇرەتكە تارتقىلى بىر كۈنى ئەتىگەندە كېلىمەن.

فرانسىسكا، نېمىشقىدۇ، ۋۇجۇدى سەل لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭغا خاتىرە كۈنلەردىمۇ بىرەرى گۈل سوۋغات قىلىپ باقمىغانىدى.

— مەن سىزنىڭ ئىسىم - شەرىپىڭىزنى بىلمەيمەن، — دېدى روبېرت. فرانسىسكا روبېرتقا ئىسمىنى دەپ بەرمىگەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ سەل گالۋاڭلىق قىلغانلىقىنى بىلدى. فرانسىسكا گەپ قىلغاندىن كېيىن روبېرت بېشىنى لىڭشىتتى، — تەلەپپۇزىڭىزدىن بىلىپ قالدىم، سىز ئىتالىيەلىكقۇ دەيمەن؟

— ھەئە.

— ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ، كەچكى شەپەق نۇرىدا ئاسفالت يولنى بويلاپ ماڭدى. يولدا ئۇلارغا ئىككى ماشىنا ئۇچرىدى. ھەر ئىككىلا ماشىنىنىڭ شوپۇرىنى فرانسىسكا تونۇمايتتى. فېرمىغا يېتىپ بارغۇچىلىك بولغان تۆت مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ

خىيال قۇشلىرى قاناتلىنىپ چەكسىز بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. فوتوگراف ۋە يازغۇچى روبېرت كىنكاينى يەتمىش ئۈچ-تىن ئىشنىش ئىستىكى فرانسىسكانى چۇلغىۋالدى. ئۇ روبېرت تۇغ-رۇلۇق جىقراق نەرسىلەرنى بىلىشنى خالايتتى. فرانسىسكا قو-لىدىكى گۈلنى خۇددى يېڭىلا سىرتتىن قايتىپ كەلگەن قىز ئوقۇغۇچىدەك باغرىغا چىڭ ياقتى.

شۇ تاپتا فرانسىسكانىڭ يۈزى ئانار دەك قىزىرىپ كەتكەن-دى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلدى. ئۆزىگە ئوشۇقچە بىر ئەر ئىش ياكى بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغاندەك تۇيۇلدى. ماشىنىدىكى رادىئودا گىتار بىلەن ئورۇندالغان مۇزىكا بېرىلىۋاتاتتى. مۇزىكا ئاۋازىنى ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ۋە شامالنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتكەندى. ئارقىدىنلا سائەت بەشتە بېرىلىدىغان خەۋەرلەر بېرىلدى.

روبېرت ماشىنىسىنى تار كوچىغا بۇرىدى.

— رىچارد سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى روبېرت ھېلىقى پوچتا ساندۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى فرانسىسكا سەل ھاسىراپ تۇرۇپ. ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەن فرانسىسكا توختىماي سۆزلەش-كە باشلىدى.

— ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. مۇزدەك چاي ئىچەمسىز؟

روبېرت كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— سىزگە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك بولۇپ تۇيۇلمىسا، ئىچەي، — دېدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى فرانسىسكا.

فرانسىسكانىڭ باشلىشى بىلەن روبېرت ماشىنىسىنى ئۆيى-نىڭ ئارقىسىغا قويۇپ قويدى. ئۇ رىچارد قايتىپ كەلگەندە قوشنىلىرىدىن بىرەرىنىڭ ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ رىچاردقا: «ھىم، رىچارد، سىز كۈنلۈكچى ياللىغانمىدىڭىز؟ ئۆتكەن ھەپتە

ھويلىغىزدا يېشىل بىر قارا ماشىنىنى كۆردۈم. فرانسىسكانىڭ ئۆيدىلىكىنى بىلىمەن، شۇڭا سوراشتىن ئېرىندىم» دېيىشنى خالىمايتتى.

ئىككىسى چەت - چۆرىلىرى ئۈپرىغان سېمونت پەلەمپەيدىن چىقىپ ئايۋاننىڭ ئارقا ئىشىكىگە كەلدى. ئاپپارات سالىدىغان سومكىنى ئېلىۋالغان روبېرت فرانسىسكاغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

— كۈن بەك ئىسسىق، بۇ ئۈسكۈنىلەر ماشىنىدا تۇرسا بولمايدۇ، — دېدى روبېرت.

ئاشخانا ئاز - تولا سالقىندەك قىلغىنىنى بىلەن يەنىلا ئىسسىق ئىدى. يۇغلۇق بىر ئىت روبېرتنىڭ ئۆتۈكىنى پۇراپ قويۇپ، ئاندىن ئايۋانغا چىقىپ سالقىندا ياتتى. فرانسىسكا سىرىق پەتنۇستىن مۇز ئېلىپ چوڭ ئىستاكانغا يېرىم چاي قۇيدى. روبېرت پۇتلىرىنى ئالماپ، قوللىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراپ ئولتۇراتتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ ئۆزىگە سەپسىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

— لىمون كېرەكمۇ؟

— كېرەك.

— شېكەرچۇ؟

— ياق، رەھمەت.

لىمون شىرىنسى ئەينەك ئىستاكاننىڭ قىرىنى بويلاپ ئاستا - ئاستا ئىستاكانغا سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى، بۇنى روبېرت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

فرانسىسكا بىر ئىستاكاننى روبېرتنىڭ ئالدىغا، ئۆزىنىڭ ئىستاكانىنى ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ، ئاندىن ھېلىقى بىر دەستە گۈلنى سۈيى بار، سىرتىغا ئۆردەكنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئالما مۇراباباسى ئالغان بوتۇلكىغا چىلاپ قويدى.

ئۇ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، سول پۇتى بىلەن يەر دەسسەپ ئوڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكىنى، ئوڭ پۇتى بىلەن يەر دەسسەپ سول پۇتىدىكى ئۆتۈكىنى سالدى.

روبېرت چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ فرانسىسكاغا قارىدى. فرانسىسكا ئېگىز بوي، قىرىق ياشلارغا كىرگەن ياكى قىرىق ياشتىن سەل ئاشقان تولىمۇ چىرايلىق، زىلۋا كەلگەن، جەلپكار ئايال ئىدى. يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان روبېرتقا بۇنداق چىرايلىق ئاياللار ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇراتتى. بۇنداق سىرتقى قىياپەت كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان بىلەن، تۇرمۇشتىن كەلگەن چۈشىنىشنى قايناق ھېسسىياتنى، تەسىرلىنىشنى ھېس قىلالايدىغىنى يەنىلا بىجىرىم يۈرەك ئىدى. شۇڭا، روبېرت سىرتقى قىياپىتى گۈزەل نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئۆزىنى مەپتۇن قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى قىسقا ياكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ جەبىر - جاپاسىنى بىلمەيتتى، قىسقىسى، ئۇلاردا روبېرتنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك يېتەرلىك خىسلەت يوق ئىدى.

فرانسىسكا جونسوننىڭ ۋۇجۇدىدا روبېرتنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك نەرسىلەر ھەقىقەتەن يېتەرلىك ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، روبېرتمۇ بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئوتتەك قايناق ھېسسىياتقا تولغان يۈرەك فرانسىسكادىمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇ يۈرەك كىمگە سوقىدۇ ياكى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بىرەرى بارمۇ، بۇنىڭغا روبېرت بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

روبېرت فرانسىسكاغا ئۆزىنىڭمۇ شۇ چاغدا تەمتىرەپ كەتكەنلىكىنى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سالغانلىقىغا قاراپ تۇرغان چاغنىڭ ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز چاغ ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدى. نېمىشقا شۇنداق، بۇ مۇھىم ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان مۇئامىلىسى ئەمەس، «مۇكەممەل نەرسىنى بۇزۇپ تەھلىل قىلىش، بەزى شەيئىلەرنىڭ، بولۇپمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە

شەيئىلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاش كېرەك. ناۋادا سىز ئۇنى بىردىن - بىردىن چۈۋۈۋەتسىڭىز، ئۇ مەۋجۇت بولۇشتىن قالىدۇ.» روبېرت شۇنداق دېگەنىدى.

فرانسىسكا ئۇستەلنىڭ يېنىدا پۇتىنى يىغىپ ئولتۇراتتى، يۈزىگە چۈشۈۋالغان بىر تۇتام چېچىنى كەينىگە قايرىپ تارغىقى بىلەن يېڭىۋاشتىن تاردى، ئاندىن ئېسىگە بىر نەرسە كەلگەندەك چەتتىكى ئىشكاپتىن بىر كۇلدانىنى ئالدى - دە، روبېرتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى، روبېرت يېنىدىن «تۆگە» ماركىلىق بىر قاپ تاماكىنى چىقىرىپ فرانسىسكاغا تۇتتى. فرانسىسكا تاماكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ سەل نەملىشىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بايامقى تەرتىپ يەنە تەكرارلاندى. روبېرت «دىپور» ماركىلىق سېرىق چاقمىقىنى ئالدى. چاقماقنى تۇز تۇتالماي تىترەپ كېتىۋاتقان قوللىرىغا فرانسىسكانىڭ قوللىرى تېگىپ كەتتى، فرانسىسكانىڭ قولىنىڭ تېرىسىدە ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئىزى قالدى. تاماكىنىڭ پۇرىقى ناھايىتى خۇشبۇي بىلىنىپ كەتكەچكە، فرانسىسكا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىز زادى نېمە قىلىسىز؟

— سۈرەت تارتىپ نېمە قىلىسىز دېمەكچىمۇسىز؟ — روبېرت تاماكىسىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن توختامىلىق فوتوگراف — «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» نىڭ سۈرەتلىرىنى تارتىمەن، داۋاملىق ئەمەس. بەزىدە ئېچىمگە جىن كىرىپ قالسا تارتقان سۈرەتلەرنى باشقا ژۇرناللارغا سېتىۋېتىپ، ئۇلارغا باشقىدىن سۈرەت تارتىپ بېرىمەن. ئۇلارنىڭ نېمىگە ھاجىتى چۈشسە ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى كونسېرۋاتىپ ژۇرنال. بۇ ژۇرنالدا سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق، لېكىن پۇلى ياخشى.

www.uyghurkitap.com

بەك كۆپ دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ھەر ھالدا يامان ئەمەس، مۇقىم. باشقا ۋاقىتلاردا يېزىقچىلىق قىلىمەن، سۈرەت تارتىمەن، ئەسەرلىرىمنى باشقا ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ بېرىمەن. تۇرمۇشتا قىسىلىپ قالسام ھەمكارلىق تورى بىلەن مەشغۇل بولىمەن. لېكىن، بۇ خىزمەت ماڭا كىشىنى چۆشەپ قويغاندەك بىلىنىدۇ. بەزىدە شېئىر يېزىپ قويىمەن، نوقۇل ئۆزۈم ئۈچۈن يازىمەن، بەزىدە ھېكايىمۇ يېزىپ قويىمەن، ھېكايە يازغۇدەك مادارىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن. مەن سېئاتلنىڭ شىمالىدا تۇرىمەن. كۆپ ۋاقتىم شۇ ئەتراپتا خىزمەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بېلىقچىلارنىڭ كېمىلىرىنى، ئىندىئانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى سۈرەتكە تارتىشقا ئامراقمەن.

«جۇغراپىيە ژۇرنىلى» رېداكسىيىسى مېنى بىر يەرلەرگە بىر - ئىككى ئايلىق، بولۇپمۇ چوڭراق ئەسەرلەرنى ئىشلەشكە ، مەسىلەن، ئامازون دەرياسىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى شىمالىي ئافرىقا قۇملۇقىنى سۈرەتكە ئېلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئاساسەن ئايروپىلان بىلەن بارىمەن. بارغان يېرىمدە بىر ماشىنىنى ئىجارىگە ئالىمەن. بەزىدە كېيىنكى كۈنلەردە پايدىلىنىش ئۈچۈن مەلۇم جايلارنى ماشىنىلىق يۈرۈپ كۆزەتكۈم كېلىپ كېتىدۇ. كېلەشىمدە سۇپېرىئور كۆلىنى بويلاپ كېلىمەن. قايتىشىمدا قارا تاغ ئېدىرلىقىنى كېسىپ ئۆتىمەن. ئەمدى سىز سۆزلەپ باقامسىز؟

فرانسىسكا روبېرتنىڭ ئۆزىدىن سوئال سورىشىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ بىردەم دۇدۇقلاپ كېتىپ:

— ھەي، مەن سىزگە ئوخشىمايمەن. مەن سىلىشتۇرما ئەدەبىياتتىن ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان. 1946 - يىلى بۇ يەرگە كەلسەم، ۋىنتېرستتا ئوقۇتقۇچى تاپقىلى بولمايدىكەن. مەن شۇ يەرلىك، يەنە كېلىپ ھەربىيدىن چېكىنگەن بىرىگە تېگىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئىگە

بولدۇم. ئوتتۇرا مەكتەپتە نەچچە يىل ئىنگلىزچە دەرس ئۆتتۇم. بىراق، رىچارد مېنىڭ خىزمەت قىلىشىمنى ياقتۇرماي، ئۆزىنىڭ بىزنى باقالايدىغانلىقىنى، مېنىڭ خىزمەت قىلىشىمنىڭ هاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ چاغدا ئىككى بالىمىز تۇغۇلۇپ بولغانىدى. مەن خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ شۇنىڭدىن تارتىپ دېھقان ئايال بولۇپ قالدىم. مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇنداق چىلىك! — دېدى.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ ئالدىدىكى چاينىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىستاكاننى لىقلاپ قويدى.

— رەھمەت، سىز نىڭچە، ئىئوۋا بولامدىكەن؟

بۇ سەمىمىي سورالغان سوئال ئىدى، بۇ فرانسىسكا بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئەلۋەتتە: «ناهايىتى ياخشى، بۇ يەر بەك تىنچ، ئادەملىرى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل» دەپ ئۆلچەملىك جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئەمما، ئۇ دەرھال جاۋاب بەرمىدى.

— تاماكىڭىزدىن يەنە بىر تال بېرەمسىز؟

يەنە شۇ «تۆگە» ماركىلىق تاماكا، يەنە شۇ چاقماق، قوللىرى بىر - بىرىنىڭكىگە يەنە ئاستا تېگىپ كەتتى. ئاپتاپ ئايۋاننىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۆتۈپ هېلىقى ئىتنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئىت ياتقان يېرىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ سايىگە كەتتى. فرانسىسكا روبېرت كىنكايىنىڭ كۆزلىرىگە بىرىنچى قېتىم قاردى.

— بۇ يەر ناهايىتى ياخشى، بەك تىنچ، ئادەملىرى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل. ئۆزئارا هەمدەمدە بولىمىز. بىرەرىمىز ئاغرىپ ياكى ياردار بولۇپ قالساق، قولۇم - قوشنىلار قوناقلىرىنى تېرىشىپ، ئارپىلىرىنى ئورۇۋېلىپ ياكى باشقا هەرقانداق ئىش - كۈشلىرىنى قىلىشىپ بېرىمىز. بازاردا ماشىنىڭىزنى سولىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، باللار مەيلى نەگە كەتسۇن، ئەنسى-

رەشىنىڭ هاجىتى يوق. بۇ يەردىكىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار. مەن ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى هۆرمەتلەيمەن. بىراق، — فرانسىسكا سەل ئىككىلىنىپ، تاماكىسىنى چەككەچ ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان روبېرت كىنكايىغا قاراپ قويدى، — مەن قىز ۋاقتىمدا ئارزۇ قىلغان يەر بۇ ئەمەس ئىدى، — ئۇ ئاخىر ئىقرار بولدى. فرانسىسكا تالاي يىلدىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن، ئەمما هېچقاچان ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىغان بۇ گەپنى بېللىنهامدىن يېشىل ماشىنا هەيدەپ كەلگەن بىر ئەر كىشىگە دەۋەتتى.

روبېرت بىر هازاغىچە ئۈندىمىدى. بىر چاغدا:

— مەن بىر كۈنى كېيىنچە ئىشلىتىش ئۈچۈن خاتىرەمگە بەزى گەپلەرنى يېزىۋالغانىدىم. بۇ ماشىنا هەيدەپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا يادىمغا كېلىپ قالغان گەپلەر ئىدى. بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مەزمۇنى مۇنداق: بۇرۇنقى ئارزۇلار ئىزگۈ ئارزۇلار ئىدى، ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنداق ئارزۇلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇنىڭ مەنىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، ئېپى كەلگەندە ئىشلىتىمەن. شۇڭا سىزنىڭ هېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى.

فرانسىسكا روبېرتقا قاراپ كۈلدى. بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قىزغىن هەم مەنىلىك كۈلۈشى ئىدى.

— كەچلىك تاماققا قېپقالغۇڭىز يوقمۇ؟ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ هەممىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەن. ئۆيدە هېچنىمە يوق، شۇنداقتىمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ بىر نىمە قىلىمەن.

— مەن مىلىچمال دۇكانلىرى بىلەن ئاشخانىلاردىن جاق تويغان. سىزگە ئاۋارىچىلىك بولمىسا، مەيلى.

— كاتلېتنى ياخشى كۆرەمسىز؟ كۆكتاتلىقتىن ئازراق يېڭى كۆكتات ئاچىقىپ گۆش بىلەن قورۇۋي.

— گۆشسىز قورۇما ياخشى. مەن گۆش يېمەيمەن، ئۆزۈن



www.uyghurkitap.com

يىل بولدى، ئاۋارە بولماڭ. گۆشسىز قورۇما تېخىمۇ ياخشى.

فرانسىسكا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ قارىشىڭىز بۇ يەردە قارشى ئېلىنمايدۇ. رىچارد بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغان بولسا سىزنى بىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىزنى بۇزۇۋەتتى دەيتتى. گۆشنى مەنمۇ ئانچە يەپ كەتمەيمەن، نېمىشقىدۇ ياخشى كۆرمەيمەن. لېكىن، ئۆيدە بىرەر ۋاخ گۆشسىز قورۇما قورۇسام ئۆيدىكىلەر چۇرقىرىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئادەتتە گۆشسىز قورۇما قورۇمايمەن. مانا ئەمدى ياخشى بولدى، گۆشسىز قورۇما يېيىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك. — دېدى.

— ماقۇل، مېنى دەپ بۇنچىۋالا ئاۋارە بولۇپ كەتمەڭ، ماڭا قاراڭ، مۇزلاتقۇدا بىر ئورام پىلىيونكا بار ئىدى. مەن بېرىپ ئېرىگەن مۇزلارنى تازىلاپ پىلىيونكىلارنى رەتلەپ قوياي، هازىرلا كېلىمەن، — روبېرت ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدىكى چېيىنى ئىچىۋەتتى.

فرانسىسكا قاراپ تۇردى، روبېرت ئايۋاندىن ئۆتۈپ هويلىغا چىقتى. باشقىلارغا ئوخشاش ئىشىكنى «جالاققىدە» ياپماي ئاستا يېپىپ قويدى. ئاشخانىدىن چىققۇچە سايىداپ ياتقان ئىتنى سۈرەتكە تارتىۋالدى.

فرانسىسكا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئالدىراش يۇيۇنۇۋالدى، بەدىنىنى سۈرتكەچ دېرىزىنىڭ پەسرەك تارتىلغان پەردىسىنىڭ ئۈستىدىن هويلىغا كۆز يۈگۈرتتى. روبېرتنىڭ كىيىم چامادىنى ئوچۇق تۇراتتى. روبېرت قول بىلەن باسىدىغان كونا سۇ تۇرۇبىسىنىڭ يېنىدا يۇيۇنۇۋاتاتتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ يۇيۇنغۇسى بولسا ئۆيدە مۇنچا بارلىقىنى دەپ قويسا بولاتتى، دەپ قويماقچىمۇ بولغانىدى. بىراق، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا تونۇشلۇق دەرىجىسىدىن هالقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلى بىر قىسما بولغاچقا، دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەتكەنىدى.

روبېرت كېنكاي بۇنىڭدىنمۇ ئوسال شارائىتتا يۇيۇنۇپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. يولۋاسلار ماكانىدا پاسكىنا سۇ بىلەن، قۇملۇقلاردا كونسېرۋا قۇتىسىغا سۇ ئېلىپ شۇ سۇ بىلەن يۇيۇنۇۋېرەتتى. ئۇ ھويلىدا بېلىگىچە يالىڭاچ بولۇۋېلىپ يۇيۇنۇۋاتاتتى، كونا كۆڭلىكىنى لۆڭگە ئورنىدا ئىشلىتىۋاتاتتى. «لۆڭگە، — دېدى فرانسىسكا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ، — ھېچبولمىغاندا بىر لۆڭگە ئاچىقىپ بېرەي. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ.»

روبېرتنىڭ ساقال ئالغۇچى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ يېنىدىكى سېمونت يەردە پارقىراپ تۇراتتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىغا سوپۇن سۇرۇپ، ئاندىن ساقال ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «روبېرتنىڭ ھەقىقەتەن جېنى چىڭ ئىكەن.» ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، سەل ئورۇق ئىدى. لېكىن بويىغا نىسبەتەن مۇرىلىرى كەڭ، قورسىقى دەزمالنىڭ يۈزىدەك تۈپتۈز ئىدى. يېشى قانچىلىك بولسۇن، ئەتىگىنى پىرەنىك بىلەن گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان يەرلىكلەرگە ئوخشىمايتتى.

فرانسىسكا ئۆتكەندە نەرسە - كېرەك ئالغىلى دېس مويىنېسقا بارغاندا «شامال ناخشىسى» ماركىلىق يېڭى ئەتىر ئالغان، ئىشلىتىشكە كۆزى قىيماي ئازراق ئىشلەتكەنىدى. نېمە كىيسەم بولار؟ پال - پۇل كىيىنىۋالسا تازا مۇۋاپىق بولمايتتى. ئۇچىسىدا ئىش كىيىمى بار ئىدى، شۇڭا يېڭى ئۇزۇن ئاق كوپتا كىيىپ يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالدى. پاكىز پادىچى ئىشتىنىنى، پاكىز ساپما كەشىنى كىيدى، قۇلاقلىرىغا يۇمىلاق ئالتۇن ھالقا (رىچارد فرانسىسكاغا، بۇنى تاقىۋالسىڭىز شاللاق ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدىكەنسىز، دېگەنىدى)، قوللىرىغا ئالتۇن بىلەزۈك تاقىدى. چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ قىسقۇچ بىلەن

قىستۇرۇپ يەلكىسىگە چۈشۈرۈۋالدى. مۈشۈنداق ياسىنىش بىر قەدەر مۇۋاپىق ئىدى.
فرانسىسكا ئاشخانىغا كىرگەندە روبېرت شۇ يەردە ئولتۇراتتى، يېنىدا بىر سومكا بىلەن بىر مۇزلاتقۇ بار ئىدى، پاكىز كاجى كۆڭلەك كىيگەن، سېرىق ئاسماباغ تاقىۋالغانىدى. ئۈستەلدە ئۈچ ئاپپارات ۋە ئاپپارات كۆزىدىن بەشى، ئۇنىڭدىن باشقا «تۆگە» ماركىلىق بىر قاپ تاماكا تۇراتتى. ئاپپاراتلارنىڭ قاپقىرا كۆزلىرىمۇ ئاپپاراتلارغا ئوخشاش «نىكان» ماركىلىق ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېقىن ئارىلىققا، بەزىلىرى ئوتتۇرا ئارىلىققا بەزىلىرى يىراق ئارىلىققا ئىشلىنەتتى. بەزىلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يېرى جىجىلغان، بەزىلىرى پۇچۇلۇپ كەتكەنىدى. روبېرت ئاپپارات ۋە ئاپپاراتلارنىڭ كۆزلىرىنى بۇرۇنقىدەك بېرىلىپ سۈرتۈپ، چوتكىلاپ ئولتۇراتتى.
روبېرت فرانسىسكانى كۆرۈپلا، چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ، قورۇنغاندەك بولدى.
— مۇزلاتقۇدا پىۋا بار، ئالايمۇ؟
— بولىدۇ، رەھمەت.
روبېرت مۇزلاتقۇدىن ئىككى بوتۇلكا «بودىۋىس» ماركىلىق پىۋا ئالدى. مۇزلاتقۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا فرانسىسكا ئىچى كۆرۈنمىدىغان قۇتىلارغا رەت ـ رەت تىزىلغان پلىيونكىلارنى كۆرۈپ قالدى. روبېرت ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئالدى، مۇزلاتقۇدا يەنە تۆت بوتۇلكا قالدى.
فرانسىسكا بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچىدىغان نەرسىنى ئىزدەپ تارتمىنى ئاچتى.
— مەندە بار، — دېدى روبېرت ئۇ شۋېتسىيە پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاسانلا ئېچىۋەتتى.
روبېرت بىر بوتۇلكا پىۋىنى فرانسىسكاغا بەردى، ئۆزى يەنە بىر بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ:

— گۆگۆم مەزگىلىدىكى لەمپىلىك كۆۋرۈك ئۈچۈن، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، تاڭدىكى قۇياشنىڭ ئىللىق ھەم ھال رەڭ نۇرلىرىغا پۈركەنگەن لەمپىلىك كۆۋرۈك ئۈچۈن… — دەپ قەدەھ سۆزى سۆزلىدى.

فرانسىسكا گەپ قىلمىدى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قولىدىكى بوتۇلكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى. غەلىتە بىر ناتونۇش ئادەم، گۈل، ئەتىرە ۋە پىۋا، ئۈنىڭدىن بۆلەك تومۇز ياز ئايلىرىدىكى بىر دۈشەنبە كۈنىدىكى قەدەھ سۆزى. فرانسىسكا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاقابىل تۇرالماي قالدى.

— بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر ئادەم سەككىزىنچى ئايلارنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇسساپ كېتىپتۇ. كىمدۇر بىرى ئۇسسۇزلۇقنى تەتقىق قىلىپ، ئۇ ـ بۇ نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، پىۋىنى ئىجاد قىپتۇ. پىۋىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى مۇشۇ. پىۋا بىر مەسىلىنى ھەل قىلغان، — دېدى ئاپپارات بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان روبېرت ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىدا ئىشلىتىدىغان ئەتۋىركە بىلەن ئاپپاراتنىڭ بېشىدىكى بىر ۋىنتىنى چىڭىتىپ قويۇپ. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاپپاراتقا قارىتىپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن ھويلىغا چىقىپ، ھازىرلا كىرىمەن.

روبېرت بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دېدى.

فرانسىسكا «ياق» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى ۋە روبېرتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ روبېرتنىڭ كۆزلىرىنىڭ تولغان ساغرىسىغا چۈشكەنلىكىنى سەزدى. ئايۋاندىن ئۆتۈپ كەتكۈچە كەينىمدىن قاراۋاتامدىغاندۇ، دەپ پەرەز قىلدى.

فرانسىسكانىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. روبېرت فرانسىسكانى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ فرانسىسكاغا يەنە

قاراپ ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىدىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى. فرانسىسكانىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى نەقەدەر چۈشىنىدىغان ئايال ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېس قىلغان باشقا نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالغان روبېرت شۇ تاپتا ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ ئولتۇراتتى.

كۆكتاتلىققا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. فرانسىسكا تەلەڭگىنى كۆتۈرۈپ كۆكتاتلىقنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئىككى باش سەۋزە، بىر تۇتام يۇمغاقسۇت، ئىككى ـ ئۈچ باش پىياز، بىر نەچچە باش تۇرۇپ ئالدى.

فرانسىسكا ئاشخانىغا كىرگەندە روبېرت كىنكاي يۈك ـ تاقلىرىنى باشقىدىن تېڭىۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى رەتلىك ۋە ئەپچىل تېڭىلىۋاتقان يۈك ـ تاققا دىققەت قىلدى، ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىنى تاپقان ھەم جاي ـ جايىغا قويۇلغانىدى. روبېرت ھېلىقى پىۋىنى ئىچىپ بولۇپ، فرانسىسكا ئىچىپ بولمىغان بولسىمۇ يەنە ئىككى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى. فرانسىسكا پىۋىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، قۇرۇق بوتۇلكىنى روبېرتقا بەردى.

— مەن قىلغۇدەك ئىش بارمۇ؟

— ئايۋاندىكى تاۋۇزنى، سېۋەتتىكى ياڭيۇدىن بىر نەچچىنى ئالغاچ كىرىسىڭىز.

روبېرتنىڭ ئايىغى بەكلا يېنىك ئىدى، ئۇنىڭ تېخى ھېلىلا چىقىپ كېتىپ شۇنداق تېز كىرگەنلىكىنى كۆرگەن فرانسىسكا ھەيران قالدى. روبېرت قولتۇقىدا تاۋۇز، قولىدا تۆت تال ياڭيۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— يېتەمدۇ؟ — دېدى.

فرانسىسكا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئىچىدە ئۇنى ئەرۋاھقا بەك ئوخشايدىكەن، دەپ ئويلىدى. روبېرت ئەكىرگەن نەرسىلەرنى سۇ كۆلچىكىنىڭ يېنىدىكى تەكچىگە قويۇپ قويۇپ ئاندىن بىر

تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئورۇندۇقتا بىرىپ ئولتۇردى.
— بۇ يەردە قانچە ئۇزۇن تۇرماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى بىر خىلدا بېشىنى كۆتۈرمەي كۆكتات يۇيۇۋاتقان فرانسىسكا.
— ئۇزۇنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مەن ھازىر ئەركىن ئادەم. ئاشۇ لەمپىلىك كۆۋرۈكلەرنى سۈرەتكە تارتىش ۋاقتى يەنە ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن توشىدۇ. سۈرەتنى ياخشى تارتىش ئۈچۈن ئۇزاقراق تۇرساممىكىن دەيمەن. جىق تۇرسام بىر ھەپتە تۇرار-مەن.
— نەدە تۇرىسىز؟ بازاردا تۇرامسىز؟
— ھەئە، ئالىقاندەك بىر يەر ئىكەن. ئۆيىمۇ بەكلا كىچىك. ئاڭلىسام، ماشىنا قويىدىغان ھويلىمىش. ئەتىگەن تىزىملىتىپ قويدۇم، يۈك - تاقلىرىمنىمۇ چۈشۈرمىدىم.
— كارسون خانىمنىڭ ئۆيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇرۇشقا بولىدىغان بىردىنبىر جاي شۇ. كارسون خانىم ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدۇ. لېكىن تاماقىغا كۆنەلمەي قالىسىز، بولۇپمۇ سىزدەك تاماق تاللايدىغانلارغا تەس...
— بىلىمەن. بۇ بىر قىيىن مەسىلە. مەن ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈك. بۇ پەسىل ھەر ھالدا يامان ئەمەس. يول بويىدىكى يايمىچىلاردىن، دۇكانلاردىن ئۇدۇللۇق يېمەكلىك ئېلىپ بولىدىغان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەيمەن. خەقلەر تاماققا تەكلىپ قىلسا بەك ياخشى. مەن سىزدىن مىننەتدار.
فرانسىسكا تەكچىدىكى رادىئونى ئېچىپ قويدى، ئۇ ئىككى دولقۇنلۇق رادىئو ئىدى، ئۈستىگە قوڭۇر بىر پارچە رەخت يېپىپ قويۇلغانىدى. رادىئودا بىرى: «كاللام ۋاقىت بىلەن تولغان، ھاۋارايى ھامان مەن بىلەن بىللە...» دەپ ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ چېلىنىۋاتقان گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. فرانسىسكا رادىئونىڭ ئاۋازىنى سەل پەسلىتىپ قويدى.

— مەن كۆكتات توغراشقا ئۇستا، — دېدى روبېرت مەي-دىسگە ئۇرۇپ.

— ماقۇل. دۆشە ئەنە ئاۋۇ پىچاق ئاستىدىكى تارتمىدا، مەن قورۇمىنى دۇملەپ پىشۇرىمەن، كۆكتاتلارنى ياخشىسى يا-پىلاق توغراڭ.

روبېرت فرانسىسكادىن ئىككى ئىنگلىز چىسى نېرىدا بېشد-نى كۆتۈرمەي سەۋزە، ئاق تۇرۇپ، كەۋرەك يىلتىزى ۋە پىياز توغراۋاتاتتى. فرانسىسكا ياغىيۇنى ئاقلاپ تەلەڭگىگە تۆكۈۋېتىپ ناتونۇش بىر ئەر بىلەن ئارىلىقنىڭ شۇنداق يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، غەيرىي نىيەتنىڭ تىرناقچە بولسىمۇ باش كۆتۈرۈپ قالىدىغانلىقىنى ھېچقاچان ئويلىمىغانىدى.

— سىز گىتار چالامسىز؟ قارىسام، ماشىنىڭىزدا بىر گىد-تار قېپى تۇرىدۇ.

— ئانچە ـ مۇنچە چېلىپ قويىمەن. گىتار يولدا ماڭا ھەمراھ بولىدۇ، شۇڭا ئېلىۋالىمەن. خوتۇنۇم ئەڭ دەسلەپكى خەلق ناخشىچىسى ئىدى. خەلق ناخشىلىرى ئومۇملاشماستا ئۇ ماڭا گىتار ئۆگەتكەن.

فرانسىسكانىڭ «خوتۇنۇم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بەدىنى سەل تىكەنلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. روبېرت ئۆيلىنىشكە ھەقلىق ئەلۋەتتە. لېكىن فران-سىسكانىڭ نەزىرىدە نېمە ئۈچۈنكى روبېرتنىڭ «خوتۇنۇم» دې-گەن گېپى ئۇنىڭغا ماس كەلمىگەندەك تۇيۇلدى. فرانسىسكا ئۇنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى.

— خوتۇنۇم مېنىڭ سۈرەت تارتىش بىلەن داۋاملىق سىرت-لاردا يۈرۈشۈمگە چىدىمىدى. بىر چىقىپ كەتسەم بىرنەچچە ئايلاپ يۈرۈپ كېتەتتىم. ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايمەن. خوتۇنۇم توق-قۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى، بىر يىلدىن كېيىن ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئارىمىزدا بالا يوق، شۇڭا تارتىشىپ-

مۇ كەتمىدۇق. ئۇ بۇ گىتارنى ماڭا قالدۇرۇپ ئۆزى بىر گىتار-نى ئېلىپ كەتتى.
— ئۇنىڭ بىلەن ھېلىمۇ ئىزدىشەمسىز؟
— ياق، بىز ئىزدىشىپ باقمىدۇق.
روبېرت شۇنچىلىكلا گەپ قىلدى. فرانسىسكامۇ ئۇشۇقچە كوچىلاپ گەپ سوراۋەرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا روبېرتنىڭ توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلەندى.
— مەن ئىتالىيىگە ئىككى قېتىم بارغان، — دېدى ئۇ، — سىز نەلىك؟
— مەن ناپولىلىق.
— مەن ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان. بىر قېتىم ئىتالىيە-نىڭ شىمالىغا بېرىپ بوختا سۈرەت تارتتىم. كېيىنكى قېتىم سۈرەتكە تارتقىلى ستسىلىيە ئارىلىغا باردىم.
فرانسىسكا ياڭيۇنى ئاقلاۋېتىپ ئىتالىيىنى بىردەم ئويلى-دى. ئۇ روبېرت كىنكايىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى سې-زىپ تۇراتتى.
غەربتىن كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەچكە، كۈننىڭ نۇرى تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلغان تاڭ نۇرىدەك چاقناپ كەتتى. روبېرت سۇ كۆلچىكىنىڭ ئۈستىدىكى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ:
— بۇ خاسىيەتلىك نۇر، «كالېندار» شىركىتى مۇشۇنداق نۇرنى ياخشى كۆرىدۇ، دىنىي ژۇرناللارمۇ ھەم شۇ، — دېدى.
— قارىغاندا، خىزمىتىڭىز بەك كۆڭۈللۈك ئىكەن، — دېدى فرانسىسكا زۆرۈر تېپىلسا نورمال پاراڭلارنى داۋاملاشتۇ-رۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ.
— شۇنداق، بەك ياخشى كۆرىمەن. مەن چوڭ يوللارغا، سۈرەت ئىشلەشكە ئامراق.
فرانسىسكا ئۇنىڭ «مەن سۈرەت ئىشلەشكە» دېگەن سۆزىگە

دىققەت قىلدى.

ــ سىز سۈرەت تارتماي، سۈرەت ئىشلەمسىز؟

ــ ھەئە، مەن شۇنداق ئويلايمەن. مېنىڭ يەكشەنبە كۈن-لىرى ئىشتىن سىرت ياكى سۈرەت تارتىپ تىرىكچىلىك قىلىدى-غانلاردىن پەرقىم مانا مۇشۇ يەردە. بۇگۈن بىز تارتقان كۆۋرۈك-لەرنىڭ سۈرەتلىرىنى ئىشلەپ بولغاندا نەتىجىسى سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولمايدۇ. مەن كۆرۈنۈشنى ياكى ئارىلىقنىڭ گرادۇ-سىنى تالالاش ۋە ياكى بىرلەشتۈرۈش ۋە ياكى ھەممىسىنى قو-شۇش ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىمنى ئىشلەپ چىقىمەن.

مەن سۈرەتنى شەيئىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بىلەن تارتى-مەن. شەيئىنى ئامال بار ئۆزۈمنىڭ ئىچكىنى ۋە روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرىمەن، ئوبراز ئارقىلىق شېئىرى-يەتنى ئىزدەيمەن. ژۇرناللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى بولىدۇ. مەن تەھرىرلەرنىڭ تەلىپىگە قو-شۇلمايمەن، قوشۇلمايدىغان چاغلىرىم كۆپرەك، بۇ ئىش مېنى ئازابلايدۇ. ئۇلار نېمىنى ئىشلىتىش، نېمىنى ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلىشمۇ مەيلى. ئۇلار مۇشتىرىلىرىنى چۈشىنىدۇ، دەپ قىياس قىلىمەن، خەۋپ ـ خەتەرگە ئاز ـ تولا تەۋەككۇل قىلىد-كەن دەيمەن. شۇنداق دېسەم ئۇلار خاپا بولىدۇ.

بۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىش كەلتۈ-رۈپ چىقارغان مەسىلە. كىشىلەر ھەمىشە بازار بىلەن ھەپىلى-شىدۇ، بازار ــ ئاممىۋى بازار ــ ئوتتۇرىچە ئىستېمال ئۆلچى-مى بىلەن لايىھىلەنگەن. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، رېئاللىق دېگەن مۇشۇ دەپ ئويلايمەن. لېكىن، مەن بايا دەپ ئۆتۈپ كەتتىم، بۇ ئەھۋال كىشىنى تولىمۇ چۈشەپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئىشلەتمىگەن سۈرەتلەرنى ساقلاپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىدۇ، شۇڭا ھېچبولمىغاندا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن سۈرەتلەرنى ساقلاپ قويالايمەن.

باشقا ژۇرناللارنىڭ بىر ـ ئىككى پارچە سۈرىتىمنى ئىشلەتكۈسى كەلسە ياكى ئۆزۈم بارغان يەرلەر توغرۇلۇق بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ قالسام، ئۇلار ماقالەمدىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دىكىلەردىن بەكرەك ياقتۇرىدۇ.

مەن كېيىنچە «ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسنىڭ ئارتۇقچىلىقى» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ، سەنئەت بىلەن جان بېقىش كويىدا يۈرگەنلەرگە سۇنىمەن. بازار قايناق ھېسسىياتقا تولغان سەنئەتنى ھەرقانداق نەرسىدىن بەكرەك بوغىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بىخەتەرلىك ئەلا ھېسابلىنىدىغان دۇنيا. ئۇلارغا بىخەتەرلىك كېرەك. ژۇرنال ۋە ژۇرنال چىقىرىدىغانلار ئۇلارغا بىخەتەرلىك، ئوخشاشلىق قانۇنى، تونۇشلۇق بولغان ئازادە مۇھىت ئاتا قىلىدۇ. خەقلەرنىڭ باشقىچىرەك پىكىرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خۇشى يوق.

پايىدا، تىراژ ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سەنئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ھەممىمىز ئوپئوخشاش بولغان ئاشۇ يوغان بىر قېلىپقا ھەيدىلىپ قامچىلىنىۋاتىمىز.

سودىگەرلەر «ئىستېمالچى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مۇشۇ گەپنى قىلغان سودىگەرنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئوبرازى پۈرلىشىپ كەتكەن قىسقا ئىشتان، ئۇچىسىغا ھونولۇلۇدا تىكىلگەن كۆڭلەك، بېشىغا چىغ قالپاق كىيگەن، چىغ قالپىقىدا هاراق بوتۇلكىسى بىلەن كونسېرۋانىڭ ئاغزىنى ئاچىدىغان ئوقەت پۇلاڭلاپ تۇرغان، قولىدا بىر تۇتام پۇل بار پاكار ۋە دىقماق بىر ئادەمنىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدۇ.

فرانسىسكا ئاستا كۈلۈپ قويۇپ بىخەتەرلىك ھەم ئازادە مۇھىت ھەققىدە ئويلاندى.

ــ مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس. بايا دەپ ئۆتۈپ كەتتىم، ساياھەت ناھايىتى خاسىيەتلىك ئىش. مەن فوتو ئاپپارات بىلەن ھەپىلىشىشنى، تالا ـ تۈزنى ياخشى كۆرىمەن.

رېئاللىق ماۋۇ ناخشىنىڭ باش قىسمىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇ ناخشىغۇ يامان ئەمەس ناخشىكەن.

بۇ گەپلەر روبېرت كىنىكاينىڭ ئۆزگە ئادەتتىكى پاراڭدەك تۇيۇلغىنى بىلەن فرانسىسكا ئۇچۇن بەدىئىي خام ماتېرىيال ھېسابلىناتتى. مادىزون ناھىيىسىدىكىلەر ئەزەلدىن بۇنداق تېمىلار ۋە بۇنداق ئىشلار ئۇستىدە پاراڭلاشمايتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبەت تېمىسى ھاۋارايى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەرخ - ناۋاسى، كىم يەڭگىدى، كىم ئۆلۈپ ئۇزاتتى، دېگەنلەر ئىدى، ھۆكۈمەتنىڭ پىلانى ۋە تەنتەربىيە كوماندىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردىنمۇ چەتلەپ كەتمەيتتى، سەنئەت، خىيال، مۇڭلۇق مۇزىكىلار، ئارزۇ - ئارمانلار بوغۇپ قويىدىغان رېئاللىق توغرۇلۇق زىنھار ئېغىز ئاچمايتتى.

روبېرت كۆكتاتلارنى توغراپ بولۇپ:

— يەنە قىلىدىغان نېمە ئىش بار؟ — دەپ سورىدى.

فرانسىسكا بېشىنى چايقاپ:

— يوق، تۇگەپمۇ قالدى! — دېدى.

روبېرت ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، پىۋىنى ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ قويىتتى. فرانسىسكا قورۇمىنى قورۇۋېتىپ، بىكار بولۇپ قالسا پىۋا ئىچەتتى. ئۇ پىۋىنىڭ تەركىبىدىكى ئىنتايىن ئاز ئىسپىرتنىڭ رولىنى ھېس قىلدى. فرانسىسكا يېقى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى رىچارد بىلەن «ھەربىيلەر كۇلۇبى» دا ھاراق ئىچكەنىدى. ئادەتتە كۆپ ئىچمەيتتى. ئۇ بىر قېتىم بىردىنلا كاللىسى قىزىپ كېتىپ ئۆزىچە سەھرا تۇرمۇشىغا ئازراق رومانتىك تۇس بېرىش ئۇمىدىدە بىر بوتۇلكا براندى ئالغانىدى. ئۆيىدە شۇ بىر بوتۇلكا براندى ھارىقى ھازىرمۇ بار ئىدى. ئادەتتە ئۇ ئۆيىدە ھاراق ساقلىمايتتى.

ماي بىلەن ئازراق كۆكتاتنى رەڭگى قىزارغۇچە قورۇپ،

ئۈستىگە ئۇن قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن يەنە بىر بوتۇلكا سۇ قويۇپ، قالغان كۆكتاتلار بىلەن دورا - دەرمەكلەرنى سېلىپ قورۇمىنى سۇس ئوتتا قىرىق مىنۇت دۇملىدى.

فرانسىسكا قورۇمىنى دۇملەپ قويۇپ روبېرتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆيدە بىلىنەر - بىلىنمەس يېقىملىق كەيپىيات ئاستا - ئاستا شەكىللىنىۋاتاتتى. بۇ كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە كەچلىك تاماق سەۋەبچى ئىدى. ئۇ ناتونۇش بىر كىشى ئۈچۈن كەچلىك تاماق ئەتتى، بىرى يېنىغىزدا بولسا ياتسىراشمۇ بارا - بارا يوقاپ ئۇنىڭ ئورنىنى يېقىنچىلىق ئىگىلەيدىكەن.

روبېرت تاماكىسىنى فرانسىسكانىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى، چاقماق تاماكىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. فرانسىسكا بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرماقچى بولۇپ چاقماقنى ياندۇرالمىدى. روبېرت كۈلۈپ قولىدىن چاقماقنى ئالدى ۋە ئىككى قېتىم ياندۇرۇپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى. فرانسىسكا ئادەتتە ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھەمىشە ئۇلاردىن ئۈستۈن سېزەتتى، لېكىن روبېرت كىنكايىنىڭ ئالدىدا ئۇنداق سەزمىدى.

ئاقۇش كۈن قىرىزىپ ئاخىرقى نۇرلىرىنى قوناقلىققا سەپتى. فرانسىسكا گۈگۈم مەھەلدە چىققان شامالدا كۆككە تىك ئۆرلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان بىر بۇركۈتنى كۆردى. رادىئودا يەتتىدە بېرىلىدىغان خەۋەر بىلەن بازار ھەققىدىكى قىسقا خەۋەرلەر بېرىلىپ بولدى. شۇ تاپتا فرانسىسكا يۈزلۈكى سېرىق ئۈستەلنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ روبېرت كىنكايغا قارايتتى. ئۇ، فرانسىسكانىڭ بۇ ئاشخانىسىغا ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ كەلگەنىدى، بۇ ئىنگلىز مىلى بىلەن ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدىغان ئۆزۈن يوللار ئىدى!

— قورۇمىنىڭ مەززىلىك ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى، — دېدى روبېرت ئوچاقنى كۆرسىتىپ، — جىمجىت، — ئۇنىڭ كۆزلىرى فرانسىسكادا ئىدى.



www.uyghurkitap.com

«جىمجىت؟ ئۇنىڭ ھىدىنى قانداق پۇرىغىلى بولسۇن؟»
فرانسىسكا بۇ گەپنى ئويلاپ، ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى.
روبېرت توغرا دېگەنىدى. ئۇ ئۆيدىكىلەرگە چوشقا ۋە كالا گۆشلىرىنى قېلىن توغراپ قورۇپ ياكى كاۋاپ قىلىپ بېرىشكە ئادەتلەنگەنىدى. بۇگۈنكى بۇ تاماق جىمجىتلىق ئىچىدە تەييارلاندى. تاماق تەييار بولغۇچە — تاكى كۆكتاتلىقتىن كۆكتاتلارنى يۇلۇپ ئەكەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ھالقىلاردا زوراۋانلىق كۆرۈلمىدى. جىمجىت تەييار بولغان تاماقنىڭ ھىدىمۇ جىمجىت، ئاشخانىمۇ جىمجىتلىققا تولغانىدى.
— خاپا بولمىسىڭىز، ئىتالىيىدىكى ھاياتىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دېدى روبېرت ئورۇندۇققا يۆلەنگىنىچە مىنگەشتۈرۈۋالغان پۇتلىرىنى ئۈزۈن سۇنۇپ.
روبېرت بىلەن گەپ - سۆز قىلىشماي ئولتۇرۇشنى بىئەپ بىلگەن فرانسىسكا پاراڭنى باشلىدى. ئۇ روبېرتقا ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى، خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى، موناخ بولغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنى، ئانىسىنىڭ ئائىلە ئايالى، دادىسىنىڭ بانكىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئون نەچچە ياش ۋاقتىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن پاراخوتلارنى، كېيىن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى كۆرگىلى دېڭىز ياقىسىغا بارغانلىقىنى قىز دوستلىرى بىلەن بىر قەھۋەخانىغا بېرىپ رىچارد بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، تۇرمۇشنى ئۇرۇش پالاكەتچىلىكى قالايمىقان قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلار باشتا ئۆزلىرىنىڭ ئاخىر توي قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى دەپ بەردى، ئەمما نىكورو ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.
روبېرت گەپ قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇردى. بەزىدە چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. فرانسىسكا ئاخىر گېپىنى تۈگەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

— سىزنىڭ بالىلىرىڭىز بارغۇ، ھە؟ شۇنداق دېگەندەك قىلىۋېدىڭىز؟ — دېدى روبېرت.

— ھەئە، مىڭ ئون يەتتىگە، كارولىن ئون ئالتىگە كىردى. ئۇلار ۋېنتېرستتا ئوقۇيدۇ. «4—H» جەمئىيىتىنىڭ[1] ئەزاسى. شۇڭا ئاكا - سىڭىل ئىككىسى كارولىن باققان موزاينى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئېللىنوس شتاتىدا ئېچىلغان كۆرگەزمىگە كەتتى. مەن بۇ ئىشقا مەڭگۈ ئادەتلىنەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ ھەم شۇنچىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈپ باققان ھايۋاننى قانداقلارچە قاسساپقا سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيمەن، ھېچنېمە دېيەلمىدىم. دېگەن بولسام رىچارد بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ماڭا ئۆكتە قوپقان بولاتتى. بۇ يەردە شەپقەتسىز بىر زىددىيەت بار.

فرانسىسكا رىچاردنى تىلغا ئېلىپ سەل بىئارام بولدى. ئۇ ھېچنېمە قىلمىدى ھەم قىلمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ناھايىتى يىراقتىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان بىئاراملىق ئىدى. ئۇ ئۆزى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا بۇگۈنكى بۇ كېچىنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. روبېرت كىنكاينىڭ ھازىرلا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم، تولىمۇ مۇلايىم ھەتتا سەل خىجىل بولغاندەك ئولتۇراتتى.

ئۇلار پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇۋەردى. كەچلىك مەنزىرە قاراملتۇل كۆك تۈسكە كىردى. نېپىز تۇمان ئوتلاقتىكى ئوت - چۆپلەرنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. فرانسىسكا قورۇمىنى دۇملىگەن چاغدا روبېرت يەنە ئىككى بوتۇلكا پىۋىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى. فرانسىسكا ئورنىدىن تۇرۇپ قايناۋاتقان قازانغا نەچچە تال

---

① «4—H» جەمئىيىتى ئامېرىكىدىكى ياشلار تەشكىلاتى، ناھىيىلىك كۆرگەزمىگە ئىئانە قىلىش ئارقىلىق ياشلارنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى قوللايدۇ.

جۇۋاۋىنى تاشلاپ ئارىلاشتۇردى. ئۇ ۋاشىنگتوندىكى بېللىنهامدىن كەلگەن روبېرت كىنكاينى ئىختىيارسىز ياقتۇرۇپ قالغاندى، شۇڭا ئۇنىڭ بالدۇر كەتمەسلىكىنى ئۇمىد قىلدى.

روبېرت تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردەك جىممىدە ئولتۇرۇپ ئىككى كىشىلىك قورۇما يېدى. فرانسىسكاغا قورۇمىنىڭ يېيىشلىك بولغانلىقىنى، تاۋۇزنىڭ بەك تاتلىق ئىكەنلىكىنى ئىككى قېتىم دېدى، پىۋا مۇزدەك، كىچە مەنزىرىسى كۆك ئىدى. فرانسىسكا جونسون قىرىق بەش ياشلىق ئايال ئىدى. ئىئوۋا شتاتىغا قاراشلىق سېرنادوئادىكى AMK رادىئو ئىستانسىسى هانىس سىنونىڭ تۆمۈر يول ناخشىسىنى ئاڭلىتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## قەدىمكى كىچە، يىراقتىكى مۇزىكا

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ فرانسىسكا ئويلىنىپ قالدى. كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغانىدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى.

بۇ ئىشنى روبېرت ھەل قىلدى.

— ئوتلاقنى ئايلىنىپ كەلسەك قانداق دەيسىز؟ تالا سالقىنراق ئىكەن.

بۇ گەپ فرانسىسكاغا ياقتى. روبېرت سومكىسىدىن بىر ئاپپاراتنى ئېلىپ مۈرىسىگە ئاستى.

روبېرت ئارقا ئايۋاننىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچتى، ئۆيدىن ئاۋۋال فرانسىسكا، كەينىدىن ئۆزى چىقىپ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدى. ئۇلار سېمونت ياتقۇزۇلغان ھويلىدىن ئۆتۈپ ماشىنا قويۇلغان لاپاسنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئوتلاققا كەلدى. لاپاستىن قىزىق مايىنىڭ ھىدى كېلەتتى.

ئىككىسى قاشانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، فرانسىسكا بىر قولى بىلەن تىكەنلىك سىمنى پەسكە بېسىپ تۇرۇپ ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. ئۇ ساپما كەش كىيگەن نازۇك پۇتلىرىنىڭ شەبنەم تامچىلىرى چاچراپ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. روبېرتمۇ فرانسىسكاغا ئوخشاش تىكەنلىك سىمنى بىر قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، ئۇستىدىن يەڭگىل ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇ يەرنى ئوتلاق دېيىش كېرەكمۇ ياكى فېرما دېيىش كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى روبېرت.

— مېنىڭچە، فېرما دېيىش كېرەك. بۇ يەردە مال - چارۋا

بار، لېكىن ئوت ـ چۆپ ئېگىز ئۆسمەيدۇ. دىققەت قىلىڭ، تېزەك دەسسىۋالماڭ.

تولۇن ئاي شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن، كۈن يېڭىلا ئۇپۇقتا غايىب بولغان، ئاسمان زەڭگەر تۈسكە كىرگەنىدى. ئاي يورۇ-تۇپ تۇرغان تاشيولدا بىر كىچىك ماشىنا ئىتتىك ماڭغان پېتى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كراكىنىڭ ئوغلىنىڭ ماشىنىسى ئىدى. ۋېنتېرستىتىكى زەيتۇن توپ كوماندىسىنىڭ بۇ ئەزاسى داۋاملىق كېئودې رىفورانس بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

فرانسىسكانىڭ بۇنداق سەيلە قىلىپ باقمىغانلىقىغا ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇلار ئادەتتە بەشتە تاماق يەيتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن رىچارد تېلېۋىزوردىن خەۋەرلەرنى، ئاندىن كەچلىك نو-مۇرلارنى كۆرەتتى، دەرسلىرىنى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن باللىرىمۇ تېلېۋىزور كۆرەتتى. فرانسىسكا ئاشخانىدا كىتاب ئوقۇيتتى، ئۇ ۋىنتېرساتېردىكى كۇتۇپخانىدىن ياكى ئۆزى قات-ناشقان كۇتۇپخانا كۇلۇبىدىن تارىخ، شېئىر ۋە ھېكايە كىتابلار-نى ئارىيەتكە ئەكىلەتتى. ھاۋا ياخشى كۈنلىرى ئايۋانغا چىقىپ ئوقۇيتتى. ئۇ تېلېۋىزورغا ئۆچ ئىدى.

بەزىدە رىچارد ئۇنى «فىراننىي، ماۋۇنىڭغا قارىغا!» دەپ چاقىراتتى. ئۇ كىرىپ رىچارد بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرەتتى. ئېكراندا ئېرۋىس چىقسىلا رىچارد فرانسىسكانى چاقىرىپ ئول-تۇرغىلى قويمايتتى. قاسىراقلىق كوماندا «ئېدېر سولىۋىن كۆ-رۈنۈشلىرى» تۇنجى قېتىم ئېكرانغا چىققان چاغدىمۇ رىچارد فرانسىسكانى چاقىرغانىدى. رىچارد ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى كۆ-رۈپ، كۆزىگە سىغمىغاندەك بېشىنى چايقىغانىدى.

تارام ـ تارام قىزىل نۇرلار بىر پەستىلا ئاسماننىڭ باغرىنى تىلىپ ئۆتتى. روبېرت كۆكنى كۆرسىتىپ:

— مەن بۇنى «نۇر قايتىش» دەيمەن. تولا كىشىلەر ئاپپا-راتلىرىنى بالدۇرلا يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ. كۈن ئولتۇرۇپ بولغان-

دىن كېيىن ئاسماندا دائىم ئاجايىپ گۈزەل نۇر بىلەن بىر خىل رەڭ پەيدا بولىدۇ. بۇ هال نەچچە مىنۇت داۋام قىلىدۇ. بۇ ئەمدىلا ئۇپۇققا باش قويغان كۈن ئاسمانغا ئەكس نۇر قايتۇرغان چاغ، — دېدى.

فرانسىسكا گەپ قىلماي، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئۇرۇناتتى. ئوتلاق بىلەن فېرمىنىڭ پەرقى روبېرتقا شۇنچىلىك مۇھىمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاسماننىڭ رەڭگىدىن خۇشال بولۇپ بېشى كۆككە يەتتى. ئۇ ئاز - تولا شېئىر يازاتتى، هېكايىنى قاملاشتۇرۇپ يازالمايتتى. گىتار چالاتتى، سۈرەتچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. سايمانلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ خۇددى شامالغا ئوخشايتتى، شامالدەك هەرىكەت قىلاتتى، كىشىگە گويا شامالنىڭ قوينىدىن كەلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

روبېرت قوللىرىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى، ئاپپارات سول مۈرىسىدە ئىدى. «ئاي كۈمۈش ئالما، كۈن ئالتۇن ئالما» ئۇ بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوتتۇرا ئاۋازلىق ئەرلەرگە خاس ئاۋاز بىلەن خۇددى كەسپىي ئارتىستەك دېكلاماتسىيە قىلدى.

فرانسىسكا روبېرتقا قاراپ:

— بۇ B . W . يېتىپسنىڭ[①] «سەرگەردان ئانگوس ناخشىسى» دېگەن شېئىرى، — دېدى.

— توغرا، يېتىپسنىڭ شېئىرلىرى بەك ياخشى. ئۇ رېئالىست شائىر. تىلى ئىخچام هەم تاۋلانغان، كىشىنى هاياجانغا سالىدۇ، گۈزەللىك هەم سېھرىي كۈچكە تولغان، — دېدى.

روبېرت هەممىنى بەش ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلىدى. فران-

---

① B . W يېتېس — (ۋىليام روتلېر يېتېس 1865 — 1939) ئىرلاندىيىلىك شائىر هەم دراماتورگ.

ـسىسكا بۇرۇن يېتىپسنى ۋېنتېرستتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇ-رۇپ شۇنچە سۆزلىگەن بولسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چۈشىنەلمىگەنىدى. فرانسىسكا بايام دەل روبېرت دېگەن قىسە-مەن سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ يېتىپسنى تاللىغانىدى. ئۇ بۇنداق ئالاھىدە ماھىيەت ئۇن نەچچە ياشلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى يېرىم مەيدان زەيتۇن توپ مۇسابىقە ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا ئوتتۇرا مەكتەپ دۇم-باقچىلار ئەترىتى مەيداننى ئايلىنىپ چالغان دۇمباقلاردەك تىتى-رەپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇلار يېتىپسقا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، شېئىرنى روھى چۈشكۈن قەھرىماننىڭ مەھسۇلى دەپ بىلىدۇ. بۇنداق قاراش ئۇلاردا ناھايىتى كۈچلۈك. بۇنىڭغا يېتىپسمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ، دەپ قارايتتى.

بىر قېتىم سىنىپتا «كۈن ئالتۇن ئالما» دېگەن بىر مىسـ-رانى ئوقۇغاندا، ماسئوكراكىنىڭ يېنىدىكى ئوغۇل ساۋاقدىشىغا قاراپ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئايالالارنىڭ كۆكسىگە ئوخشاش قىلىۋالغانلىقى ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. شۇ چاغدا ئوغۇللار پىخىلداپ كۈلۈشكەن، قىز ساۋاقداشلار شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ياشاپ كەل-گەن، بۇ فرانسىسكاغا مەلۇم. ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغان نەرسە دەل مۇشۇ ئىدى. بۇ جەمئىيەت دوستانە كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى، غېرىبسىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بۇ يەردە شائىرلار قارشى ئېلىنمايتتى. مادىزون ناھىيىسىدىكىلەر ئۆز ـ ئۆزلىرىگە تاڭغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى كەمستىش تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن دائىم: «بۇ يەر بالىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە ياخشى» دەيتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق گەپ بولغاندا فرانسىسكا ئۇلاردىن ياندۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

«بۇ يەر چوكىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگىمۇ ياخشىمۇ» دەپ سورىغۇسى كېلەتتى.

ئۇلار مەقسەتسىز ھالدا مېڭىپ فېرمىغا نەچچە يارد ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ئاندىن بىر دوقمۇشتىن ئەگىلىپ ئۆيگە قايتتى. تىكەنلىك سىمدىن ئۆتكەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. روبېرت فرانسىسكانىڭ ئاتلاپ ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن تىكەنلىك سىمنى بېسىپ تۇردى.

فرانسىسكانىڭ يادىغا ھېلىقى براندى ھارىقى كەلدى.

— مەندە ئازراق براندى بار، قەھۋە ئىچەمسىز - يا؟

— ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ تەلەپ قىلىش مۇمكىنمۇ؟ — روبېرت شۇنداق دېدى قاراڭغۇدا. روبېرتنىڭ بۇ گەپنى كۈلۈپ تۇرۇپ دېگەنلىكى فرانسىسكاغا ئايان ئىدى.

ئۇلار ھويلىنىڭ چىراغ يورۇقى چۈشكەن يېرىگە كەلگەندە:

— ئەلۋەتتە مۇمكىن، — دېدى فرانسىسكا جاۋابەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن سەل خاتىرجەمسىزلەندى. بۇ ناپولىستىكى قاۋاقخانىلاردا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان شاللاق كۈلكە ئاۋازىغا ئازراق ئوخشاپ قالغانىدى.

ساق رومكىدىن ئىككىنى تاپماق ناھايىتى تەسكە توختىدى. فرانسىسكا پۇچۇق رومكىلارنى ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ساق رومكىلار كېرەك ئىدى. براندى قۇيىدىغان ئىككى ئەينەك رومكا ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە خۇددى ھېلىقى پېچەت بىر بوتۇلكا براندىدەك دۈم كۆمتۈرۈكلۈك تۇراتتى. فرانسىسكا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ رومكىنى ئالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ پۇتىدىكى ساپما كەشنىڭ ھۆل ئىكەنلىكىنى، تولغان يوتا - كاسىلىرىنىڭ كۆك پادىچى ئىشتىنىغا پاتماي قالغانلىقىنى بىلدى.

روبېرت بايامقى ئورنىدا فرانسىسكادىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. قەدىمكى تۇرمۇش ئۇسۇلى قايتىپ كەلگەند-

دى. ئۇ چاچلىرىنى سىلىسا فرانسىسكانىڭ ئۆزىنى قانداق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، ئىككى تەرىپى تۈز، ئوتتۇرىسى ئويمان كەلگەن دۈمبىسىنى سىلىسا، ياكى ئۇ ئاستىدا ياتسا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى.

قەدىمكى تۇرمۇش ئۇسۇلى تەربىيىدىن، نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى مەدەنىيەت تاۋلىغان قائىدە - يوسۇن ۋە مەدەنىيەتلىك كىشىلەردە بولىدىغان قاتتىق ئەدەپ - قائىدىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتى. روبېرت باشقا ئىشلارنى، سۈرەت تارتىش، يول ياكى لەمپىلىك كۆۋرۈكلەرنى، ئىشقىلىپ، فرانسىسكانىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتىدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى ئويلاشقا رازى ئىدى.

روبېرت ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئۇ يەنىلا تېرىسىگە قوللىرى تەگسە فرانسىسكانىڭ ئۆزىنى قانداق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، قورساقلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە تېگىپ كەتسە ئىككىسىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. بۇ مەڭگۈلۈك مەسىلە، يەنە كېلىپ مەڭگۈ ئوخشاش مەسىلە ئىدى. لەنىتى قەدىمكى تۇرمۇش ئۇسۇلى تىركىشىپ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. روبېرت بۇ ئويلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تاماكىدىن بىرنى چېكىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ كۆزلىرىنى ئۈزمەي بەدىنىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئاشكارا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن بىر خىل چوڭ يۈرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. فرانسىسكا ھېچقاچان ئىككى رومكا بىراندى قۇيۇپ باقمىغانىدى. ئېرلاندىيىلىكلەرنىڭ تراگېدىيىگە بولغان سەزگۈرلۈكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى، بۇنداق بوشلۇقنى روبېرتمۇ سېزىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، روبېرتقا مۇناسىۋەتسىز ئىش ئىدى. ھەسرەت بولسا كېرەك. فرانسىسكا

روبېرتنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان مۇنۇ مىسرالارنى ئاڭلىغاندەك بولدى:

ئاغزى پېچەت بوتۇلكا،
قوپقۇرۇق رومكا.
ئۇ تۇرۇپ ئىزدەپ تاپتى،
ئىئوۋادا
ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم جايدا.
مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىمەن.
مەن چىۋىلولار بۇرۇن
ئامازون دەرياسىدا كۆرگەن،
توپا - چاڭ يېپەك يولىدا تۆگىلىك
ساياھەت قىلىپ كۆرگەن.
كەينىمدىن ئەگىشىپ
مەقسەتسىز ئۇچقان
ئاسىيا بۇركۇتلىرى.

فرانسىسكا پېچەتلەنگەن براندىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ ئىرناقلىرىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئىرناقلىرىنى ئۇزۇنراق ئۆستۇرۇپ ئوبدان ئاسراشنى كۆڭلىگە پۈكتى. دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئايالىلار ئىرناقلىرىنى ئاسرىيالمايتتى. بۇ ئىشقا فرانسىسكا مۇشۇ كەمگىچە ئېتىبارسىز قاراپ كەلگەنىدى.

بىر بوتۇلكا براندى، ئىككى رومكا ئۇستەلدە تۇراتتى. فرانسىسكا قەھۋە تەييارلاش بىلەن بولۇپ كەتكەندە روبېرت بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىككى رومكىغا براندى قۇيدى. ئۇنىڭ قولى ناھايىتى ئۆلچەملىك ئىدى. روبېرت كەچلىك تاماقتىن كېيىن براندى ئىچىشكە تەجرىبىلىك ئىدى.

فرانسىسكا، روبېرت بۇ ھۈنەرنى تالاي خەقلەرنىڭ ئاشخاند-

لىرىندا، تالاي كاتتا ئاشپۇزۇللاردا، چىراغلار غۇۋا يېنىپ تۇر-غان تالاي مېھمانخانىلاردا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. ئېگىز تەگ-لىك رومكىنىڭ قاق بېلىدىن تۇتقان تىرناقلىرى ئۇزۇن، مەر-مەردەك ئاپئاق ھەم ئىنچىكە قوللىرى بىلەن ئۇنى كۆرسەتكەن، ياقا يۇرتلاردا كېچىلىرى ئۆزىگە ــ بۇزۇلۇپ قېلىپ قىرغاقتا لەپەڭلەپ تۇرغان قەدىمىي پرېستانىنىڭ توسمىسىغا ــ تىكىلگەن تىنىق دېڭىزدەك كۆك كۆزلۈك، يوغان قوڭۇر كۆزلۈك تالاي ساھىبجامالارنى كۆرگەنلىكىنى روبېرت راستتىنلا بىلمەمدۇ؟

ئاشخانىنىڭ تورۇسىدىكى چىراغ بەكلا يورۇق، قەھۋە ۋە براندى ئىچىشكە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. دېھقان ئايال فرانسىسكا جونسونغا چوڭ چىراغنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئوتلاقتا سەيلە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن قىز چاغلىرىنى ئەسلىگەن فرانسىسكا جونسوندەك ئايال ئۇچۇن چى-راغ ئۆچۈك بولۇشى كېرەك، پەقەت بىر تال شاملا كۇپايە. لېكىن، بۇنداق قىلسا بەك ئاشۇرۇۋەتكەن، روبېرت خاتا چۈشى-نىپ قالغان بولاتتى. ئۇ سۇ كۆلچىكىنىڭ ئۇستىدىكى كىچىك چىراغنى ياندۇرۇپ تورۇستىكى چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. كۆ-ڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ بايامقىدىن ياخشى بولدى.

روبېرت رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

ــ قەدىمكى كېچە ۋە يىراقتىكى مۇزىكا ئۇچۇن، ــ دې-دى. نېمە ئۇچۇندۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ فرانسىسكا ھەيران بولغى-نىچە ئۇنىڭ بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى. «قەدىمكى كېچە ۋە يىراقتىكى مۇزىكا» دېگەن بۇ گەپنى تەكرارلاشقا تەمشەلگەن فرانسىسكا پەقەت كۇلۇپلا قويدى.

ھەر ئىككىسى تاماكا چېكىپ، گەپ قىلماي براندى بىلەن قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى، تالادا قۇشلار سايراۋاتاتتى. ھويلىدى-كى ئىت پات ـ پات قاۋاپ قوياتتى. پاشىلار ئۇستەلنىڭ يېنىدى-

www.uyghurkitap.com

كى پاشلىقتا ئۆزلىرىنى ئۇرۇشاتتى. ئۆزگە ئىشىنىدىغان پارا-
سەتسىز بىر پەرۋانە شۇ كۆلچىكىنىڭ ئۇستىدىكى چىراغنىڭ
ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىۋاتاتتى.

ھاۋا يەنىلا ناھايىتى ئىسسىق، شامالدىن ئەسەر يوق، شۇ
تاپتا ھاۋا سەل نەمخۇش ئىدى. تەرلەپ كەتكەن روبېرت كىنكاي
كۆڭلىكىنىڭ ئىككى تۈگمىسىنى يېشىۋەتتى. روبېرت ئۇنىڭغا
توغرىدىن – توغرا قارىماي، سىرتقا نەزەر سېلىپ تۇرغان بول-
سىمۇ، لېكىن فرانسىسكا ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا
قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. روبېرت كەينىگە ئۆرۈلگەندە،
فرانسىسكا ئالدى ئېچىۋېتىلگەن كۆڭلەكتىن ئۇنىڭ مەيدىسىنى
ۋە مەيدىسىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى كۆردى.

فرانسىسكا شۇ تاپتا گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ، بۇرۇنقى شې-
ئىرنى تۈيغۇلارنىڭ ۋە شېئىر بىلەن مۇزىكىغا بولغان مۇھەببەت-
نىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ كېتىدىغان ۋاقتى بولۇپ
قالدى، دەپ ئويلىدى فرانسىسكا. مۇزلاتقۇنىڭ ئۈستىدىكى سا-
ئەت توققۇزدىن ئون ئىككى مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
تۇراتتى. رادىئودا فارون يان ئورۇندىغان نەچچە يىلنىڭ ئالدىدى-
كى «سايىنت سېسلىيە ئىبادەتخانىسىنىڭ زالى» دېگەن ناخشا
بېرىلىۋاتاتتى. فرانسىسكا سايىنت سېسلىيەنىڭ مىلادىيە 3 –
ئەسىردە قۇربان بولغان، مۇزىكا بىلەن ئەمالارغا ھامىيلىق قىل-
غان ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

روبېرتنىڭ رومكىسى قۇرۇقدىلىنىپ قالغانىدى. روبېرت
نەزىرىنى تالادىن ئۆيگە يۆتكىگەن چاغدا، فرانسىسكا قولىغا بو-
تۇلكىنى ئېلىپ، قۇرۇقدىلىنىپ قالغان رومكىنى ئىما قىلدى.
روبېرت بېشىنى چايقاپ:

— مەن تاڭ ئېتىشتىن ئاۋۋال روسمان كۆۋرۈكىنى سۈ-
رەتكە تارتىمەن، كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى.

فرانسىسكا يېنىك تىنىپ قويدى ۋە قاتتىق ئۈمىدسىزلەن-

ـدى، يۇرىكى بىردىنلا ئىغىپ كەتتى. «تۇغرا، سىز كېتىڭ، كەتكىچە يەنە بىر رومكا براندى ئىچىۋېلىڭ!» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى ئىچىدە. فرانسىسكانىڭ ھېسسىياتى بىلەن فارون يانىنىڭ، سۇ كۆلچىكى ئۈستىدىكى چىراغقا ھەدەپ ئۆزىنى ئۇرۇ-ۋاتقان پەرۋانىنىڭمۇ كارى يوق ئىدى. روبېرت كىنكاينىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى فرانسىسكاغا قاراڭغۇ ئىدى.

روبېرت بىر سومكىنى سول مۈرىسىگە ئېلىپ، يەنە بىر سومكىنى مۇزلاتقۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۆرە تۇراتتى. فرانسىس-كا ئۈستەلنى ئايلىنىپ روبېرتنىڭ ئالدىغا كەلدى. روبېرت قولىنى سۇندى، فرانسىسكا تۇتتى.

ـــ بۇگۈنكى كېچىگە رەھمەت. كەچلىك تاماق، سەيلە نا-ھايىتى ئوبدان بولدى، سىز بەلەن ئايالكەنسىز، فرانسىسكا. براندىنى چىنە ـ قاچا ئىشكاپىنىڭ سىرتىغىراق قويۇپ قويۇڭ، مۆرىتى كەلگەندە يەنە ئۇچرىشىپ قالارمىز.

فرانسىسكا ئويلىغاندەك روبېرت ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. روبېرتنىڭ گەپلىرى ئازراقمۇ كۆڭلىگە كەلمىدى، روبېرت رو-مانتىك ھېسسىياتنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەڭ ياخشى مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ، بۇ راست ئىدى. فرانسىسكا بۇنى ئۇنىڭ يېقىملىق گەپلىرىدىن ھەم بۇ گەپلەرنى قىلغان چاغدىكى روھىي ھالىتىدىن بىلگەنىدى. لېكىن، ئۇ بىر نۇقتىنى بىلمەيتتى، فرانسىسكا شۇ تاپتا ئاشخانىنىڭ تۆت تېمىغا قاراپ ۋارقىراپ: «ئىسانىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن، رىچارد جونسون، سىز راستىنىلا مەن ئويلىغاندەك شۇنداق ئەخمەقمۇ؟» دېگەن گەپلەرنى تامغا ئويغۇ-سى كېپكەتكەنىدى.

فرانسىسكا روبېرتنى ئۇزىتىپ چىقىپ، روبېرت نەرسىلە-رىنى سېلىپ بولغۇچە ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇردى. ئىت ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ ماشىنىنى ئايلىنىپ ھىدلاشقا باشلىدى.

ـــ جېك، بېرى كەل، ـــ دەپ پەس ئاۋازدا بۇيرۇق قىلـ-

دى فرانسىسكا. ئىت كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— خوش، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، — روبېرت كابىنى-كىنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ بىر پەس تۇردى. ئاندىن رولىغا ئولتۇرۇپ ئىشىكنى ياپتى. روبېرت ماشىنىنى گۈرۈلدىتىپ ئوت ئالدۇردى ئاندىن ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن قو-لىنى چىقىرىپ، — ماتورىنىڭ ئاۋازىنى تەڭشىمىسەم بولمى-غۇدەك، — دېدى.

روبېرت خوت يۆتكەپ ماشىنىنى كەينىگە ياندۇردى، يەنە خوت يۆتكەپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى. ماشىنا قاراڭغۇ تار كوچىغا ئەمدىلا كىرىشىگە روبېرت قولىنى ماشىنىنىڭ ئەينىكى-دىن چىقىرىپ فرانسىسكاغا پۇلاڭلاتتى، فرانسىسكامۇ قول پۇلا-ڭلىتىپ خوشلاشتى.

ماشىنا تار كوچىدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا فرانسىسكا قاراڭغۇ بىر جايدا تۇرۇپ، ماشىنىنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ هەرىكەتلىنىۋاتقان قىزىل چىراغقا سەپسېلىپ قارىدى. روبېرت كىنكاي سولغا بۇرۇلۇپ ۋېنتېرستقا تۇتىشىدىغان چوڭ يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چاقماق «ۋاللىدە» قىلىپ ياز ئاسمىنىنى يېرىپ گۈلدۈرلىدى. جىك تېپىچەكلىگەن پېتى ئايۋانغا كىرىپ كەتتى.

روبېرت كەتكەندىن كېيىن فرانسىسكا ئاندىن تۇغما هالەت-تە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بالا تۇغقان بولغاچقا داس سۆڭىكى سەل يوغىناپ قالغان، كۆكسىلىرى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، بۇرۇنقىدەك چىڭ هەم چىرايلىق، قورسىقى بىلىنەر-بىلىنمەس يۇمىلاق ئىدى. ئۇ پۇتلىرىنى ئەينەكتىن كۆرەلمەيت-تى، ئەمما ناهايىتى ئېسكەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭغا پىنهان جايدىكى تۈكلەرنى داۋاملىق تازىلاپ تۇرۇش كېرەكتەك، بىر تۇرۇپ بۇنىڭ هېچقانداق ئەهمىيىتى يوقتەك تۇيۇلدى.

رىچاردنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىققا بولغان هەۋىسى ئانچە نور-

مال ئەمەس ئىدى، فرانسىسكانىڭ يېنىغا ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلەتتى، ئىشنى بەك ئاسان ھەم بەك تېز تۈگىتەتتى، كۆڭلىنى ئاللمايتتى. ئۇ فرانسىسكانىڭ ئەتىر چېچىش، پىنھان جايىنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئۇنچىلىك دىققەت قىلىپمۇ كەتمەيت- تى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئاسانلا تاشلىۋېتەتتى.

فرانسىسكا ئۇچۇن رىچارد ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس، بەلكى سودا ئىشلىرىدىكى شېرىكىگە ئوخشايتتى. فرانسىسكانىڭ ۋۇ- جۇدىنىڭ بىر قىسمى بۇنىڭ خۇيمۇ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى سېزەتتى، بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقا بىر ئادەم غەلىيان كۆتۈرەتتى، ئۇ ئۇنىڭ ئادەم مۇنچىغا چۇشۇشىنى، ئەتىر چېچى- شىنى تەلەپ قىلاتتى… بىرىنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلاپ ئېلىپ كېتى- شىنى، قۇدرەتلىك بىر كۇچنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى پۇتۇن- لەي سالدۇرۇۋېتىشىنى ئىستەيتتى. فرانسىسكا بۇ كۇچنى سەز- گەن، كاللىسىدا غۇۋا پەيدا بولغان چاغدىمۇ ھېچقاچان ئاغزىدىن چىقارمىغانىدى.

فرانسىسكا كىيىملىرىنى كىيىپ ئاشخانىدىكى ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يېرىم ۋاراق ئاق قەغەزگە خەت يازدى. ئاندىن «فورد» ماركىلىق كىچىك قارا ماشىنىنىڭ قېشىغا بې- رىپ ماشىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىشىغا، كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن جېك كابىنكىغا چىقىپ ئولتۇردى. فرانسىسكا ماشىنى- نى كەينىچىلەپ ھەيدەپ لاپاستىن ئاچىقتى، ئاندىن تار كوچى- دىن چىقىپ ئوڭ ياقتىكى ناھىيە يولىغا قايرىلدى.

روسمان كۆۋرۈكى قاراڭغۇدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئىت ئاۋۋال ماشىنىدىن چۇشۇپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. فران- سىسكا ماشىنىدىن قول چىرىغىنى ئېلىپ، خەتنى باسما مىخ بىلەن كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا مىخلاپ قويۇپ ئاندىن ئۆيىگە قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

## سەيشەنبە كۈنىدىكى كۆۋرۈك

تاڭ ئېتىشتىن بىر سائەت ئاۋۋال روبېرت كىنكاي رىچارد جونسوننىڭ خەت ساندۇقى بار جايدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ «ساماندىيولى» ماركىلىق شاكىلاتنى ئاغزىغا سېلىپ چايناپ، كەينىدىن ئالمىدىن بىر چىشلەم يېدى. بىر ئىستاكان قەھۋەنى تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋالدى. ئۇ خىرە ـ شىرە ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن ھېلىقى ئاق ئۆيگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ئەرلەر، بەزى ئەرلەر، ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى نېمىدېگەن ئەخمەق، دېگەندەك بېشىنى چايقاپ خۇرسىنىپ قويدى.

فرانسىسكا ئاۋازى غاز ـ غۇز چىقىدىغان كىچىك قارا ماشىنىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى قىياس قىلدى. ئۇ كارىۋاتتا كېچىچە قىپيالىڭاچ يېتىپ چىقتى. مۇشۇنداق يېتىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ روبېرتنىڭ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن كىرگەن شامالدا چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، بىر قولىدا رول، يەنە بىر قولىدا «تۆگە» ماركىلىق تاماكا تۇتقان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

فرانسىسكا روسمان كۆۋرۈككە قاراپ گۇرۇلدەپ ماڭغان ماشىنا ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى يېتېسنىڭ: «مەن ئورمان ياڭاقلىقىدىغا بارىمەن، چۈنكى مېنىڭ كاللامدا بىر پارچە ئوت بار...» دېگەن شېئىرىي مىسرالىرى چۇلغىۋالغانىدى.

روبېرت بەدىئىي سۈرەت تارتىش پىلانىغا كاشىلا بولۇپ

قالماسلىقى ئۈچۈن ماشىنىسىنى كۆۋرۈكتىن يىراقراق يەرگە توختىتىپ قويدى. ئۇ ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىن رېزىنكە ئۆتۈكىنى ئالدى. كابىنكىنىڭ دەسسىگۈچىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيدى. ئىككى بوغقۇچلۇق سومكىنى ئوڭ مۈرىسىگە، ئۈچ پۇتلۇق جازىنىڭ تاسمىسىنى سول مۈرىسىگە ئاستى، يەنە بىر سومكىنى ئوڭ قولىدا كۆتۈرۈپ سۇ بويىغا ماڭدى.

روبېرت گەۋدىلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كۆۋرۈكنى مەلۇم ئارىلىقتا تۇرۇپ، كۆۋرۈك بېشىدىكى قالايمىقان خەتلەر ئويۇلغان تۇۋرۇكنى ئومۇمىي كۆرۈنۈشتىن چىقىرىۋېتىپ، ئېقىننىڭ بىر چېتىنى قوشۇپ سۈرەتنى ئۇستىلىق بىلەن تارتىشنى پىلانلىغانىدى. كۆۋرۈكنىڭ كەينىدىكى تېلېفون سىمى كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى، لېكىن، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىسا، بۇنىمۇ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولاتتى.

روبېرت «نىكان» ماركىلىق ئاپپاراتنى ئۈچ پۇتلۇق جازىغا ئورنىتىپ ۋېنتىسىنى چىڭىتتى. ئاپپاراتقا ئورنىتىلغان يىگىرمە تۆت مىللىمېتىرلىق كۆزنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر يۈز بەش مىللىمېتىرلىق كۆزنى يەڭگۈشلىدى. شەرق تەرەپتە خىرە - شىرە يورۇقلۇق كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى سىناق قىلىشقا باشلىدى. ئۈچ پۇتلۇق جازىنى ئىككى ئىنگلىزچىسى سۈرۈپ، جازىنىڭ پاتقاققا پېتىپ قالغان پۇتىنى تەڭشىدى. ئاپپاراتنىڭ تاسمىسىنى ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىغا يۆگىدى، سۇ بويىدا سۈرەت تارتقاندا ھەمىشە مۇشۇنداق قىلاتتى. ئۈچ پۇتلۇق ئاپپارات ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئاپپارات كاردىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۈپۈقنى قىزىللىق قاپلاپ ئاسمان بارا - بارا يورۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاپپاراتنى پەسكە ئالتە ئىنگلىزچىسى چۈشۈرۈپ جازىنىڭ پۇتىنى توغرىلىدى. بۇرۇنقى كۆزنىڭ ئورنىغا ئۆزى

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر يۈز بەش مىللىمېتىرلىق كۆزنى يەڭگۈشلىدى. يەنىلا ئەپلەشمىدى. سول تەرەپكە يەنە بىر ئىنگىلىزچىسى سۈرۈپ جازىنىڭ پۇتىنى يەنە يۆتكىدى. جازىنىڭ ئۈستىدىكى ئاپپاراتنى تۈز قويۇپ، كۆرۈنۈشنى 5/80 كە تەڭشەپ، دالىنىڭ ئېگىزلىكىنى مۆلچەرلەپ، فوكۇسنى ئەڭ چوڭ چەككە كەلتۈردى. ئۇپۇقتىن ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۈننىڭ نۇرىدا كۆۋرۈكنىڭ كونىراپ كەتكەن سىرلىرى ئىسسىق قىزىل رەڭگە كىردى، روبېرتقا دەل مۇشۇ كۆرۈنۈش كېرەك ئىدى.

روبېرت سول ياقتىكى مەيدە يانچۇقىدىن سپېكتروسكوپنى ئېلىپ F/800 كە توغرىلىدى. نۇرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە بىر سېكۇنت كېتەتتى. «كودا» ماركىلىق پلېونكا ئاخىرقى چەككە چىدايتتى. روبېرت ئاپپاراتنىڭ كۆزىدىن ئالدىدىكى مەنزىرىگە قارىدى، ئاپپارات ناھايىتى تۈز تۇراتتى. ئۇ كۈنۈپكىنىڭ يىپىنى تۇتۇپ پەيتنى كۈتۈۋاتاتتى.

روبېرت دەل كۈنۈپكىنىڭ يىپىنى تارتىدىغان چاغدا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى، ئاپپاراتنىڭ مەنزىرە كۆرۈش ئەينىكىدىن ئۇ نەرسىگە يەنە قارىدى. «كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىكى نېمە نەرسىدۇ؟ — دەپ غۇدۇرىدى ئۇ، — قەغەز كەنغۇ. تۈنۈگۈن ئۇ يەردە قەغەز يوق ئىدىغۇ!»

روبېرت ئۈچ پۇتلۇق جازىنى مەزمۇت تۇرغۇزۇپ قويۇپ قىرغاققا يۈگۈردى، كەينىدىن كۈننىڭ نۇرى ئۇنى تېز سۈرئەتتە قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. قەغەز تۆپتۈز ھالەتتە كۆۋرۈك بېشىدا مىخلاقلىق تۇراتتى. ئۇ قەغەزنى ئېلىپ جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، كەينىگە قايتىپ ئويمانغا چۈشۈپ ئاپپاراتنىڭ كەينىگە ئۆتتى. كۈن ئۇپۇقتىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى.

ھاسىراپ كەتكەن روبېرت يەنە بىر قېتىم سۈرەت تارتتى، كەينىدىن يەنە ئىككى قېتىم تارتتى. شامال يوق، ئوت ـ

چۆپلەرمۇ قىمىر قىلمايتتى. ئىشەنچلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇ-
تۇپ، ئىككى سىپكۇنتلۇقتىن ئۈچ پارچە، بىر يېرىم سىپكۇنتلۇق-
تىن ئۈچ پاچە سۈرەت تارتتى. ئۇ كۆزىنى F/16 كە توغرىلاپ،
پۇتكۇل تەرتىپنى يەنە بىر قېتىم قايتىلىدى. ئۈچ پۇتلۇق جازا
بىلەن ئاپپاراتنى ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ جايلاشتۇرۇپ
قويدى. ئۇ بۇ قېتىم ئايرىم ـ ئايرىم تارتىلغان كۆرۈنۈشلەرنى
مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرۈپ تارتتى. ئاپپاراتقا يېڭى پلىيونكا،
ئىلگىرىكى كۆزنىڭ ئورنىغا يىگىرمە تۆت مىللىمېتىرلىق كۆز
سالدى. بىر يۈز بەش مىللىمېتىرلىق كۆزنى سومكىسىغا سې-
لىپ سۇ كېچىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىدى. كۆۋرۈككە يېقىن
بارغاندا ئاپپاراتنى تەكشەپ يورۇقلۇقنى سىلىشتۇرۇپ، ئۈچ
پارچە سۈرەت تارتتى. زاپاس ئىشلىتىشكە ئىشەنچلىك بولۇش
ئۈچۈن يەنە بىر نەچچە پارچە سۈرەت تارتتى.

روبېرت ئاپپاراتنى تىكلەپ، يېڭىۋاشتىن ئويلىنىپ، ئوخ-
شاش كۆرۈنۈشلەرنى تەرتىپ بويىچە يەنە تارتتى. ئۇنىڭ ھەرى-
كەتلىرى تولىمۇ چاققان، ھەممە ئىشنى شۇنداق پۇختا قىلاتتى،
ھەر بىر ھەرىكىتى ئورۇنلۇق ئىدى. كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىمۇ
ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي ئۈستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ
يۇقىرى ئۇنۇمگە ئېرىشەتتى.

روبېرت قىرغاققا چىقىپ، ئۈسكۈنىلەرنى يۈدۈپ كۆپ بى-
لەن بەسلىشىپ يۈگۈردى، ئىشلار جىددىي باسقۇچقا كىرگەند-
ىدى. ئۇ يورۇقلۇق سۈرئىتى تېز پلىيونكا قاچىلانغان ئاپپاراتنى
قولىدا تۇتۇپ، ئىككى ئاپپاراتنى بوينىغا ئېسىپ كۆۋرۈكنىڭ
كەينىدىكى دەرەخكە يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. دەرەخ قوۋزاق-
لىرى سانجىلىپ بىلەكلىرىنى تىلىۋەتتى، روبېرت ئۇنىڭغا پەرۋا
قىلمىدى. ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ، كۆۋرۈككە قارىدى. ئېقىن كۆپ
نۇرىدا كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ جىمىرلاپ ئېقىۋاتاتتى.

روبېرت ئاۋۋال پۇتكۇل كۆرۈنۈشتىن كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىد-

www.uyghurkitap.com

نى، ئاندىن تەسكەي تەرىپىنى ئايرىپ چىقىپ، ئىنىسن بويىدا ئۆلچىگۈچ كۆرسەتكەن سانغا ئاساسەن ئاپپاراتنى توغرىلاپ تۇق-قۇز پارچە سۈرەت تارتتى. زاپاس ئىشلىتىش ئۈچۈن قولىدىكى ئاپپاراتنى دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا ئىلىپ قويغان جىلىتكىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يورۇقلۇق سۈرئىتى تېز پلىيونكا سىلىنغان ئاپپارات بىلەن يەنە ئون پارچە سۈرەت تارتتى.

روبېرت دەرەختىن چۈشۈپ دەريا بويىغا قايتىپ كەلدى. ئۈچ پۇتلۇق جازىنى تىكلەپ، ئاپپاراتقا «كودا» ماركىلىق پلىيون-كىنى سىلىپ، بىرىنچى تۇركۇمدە تارتقان سۈرەتلەرگە ئوخشاش سۈرەتلەرنى يەنە تارتتى. بۇ قېتىم ئۇ دەريانىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ تارتقاندى. ئۇ سومكىسىدىن ئۈچىنچى ئاپپاراتنى ئىلىپ رەڭسىز سۈرەت تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى. كۆۋرۈكتىكى يورۇق-لۇق سىكونتسېرى ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

يىگىرمە مىنۇتقا سوزۇلغان جىددىيلىكتىن كېيىن — بۇ جىددىيلىكنى ھەربىيلەر، خىروگلار ۋە فوتوگرافلارلا ھېس قىلالايدۇ — روبېرت كىنكاي سومكىسىنى ماشىنىغا تاشلاپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ بايا كەلگەن يول بىلەن قايتتى. بازارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كۆۋرۈككە يېتىپ بېرىشقا ئون بەش مىنۇت كېتەتتى، ناۋادا تېز يېتىپ بارالىسا ئۇ يەردىمۇ نەچچە پارچە سۈرەت تارتقىلى بولاتتى.

ماشىنا توپا ـ چاڭ ئىچىدە سىلكىنىپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋا-تاتتى. روبېرت تاماكىسىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، ماشىنىسى-نى ھەيدەپ شىمالغا قارىغان ھېلىقى ئاق ياغاچ ئۆيدىن — رىچارد جونسوننىڭ پوچتا ساندۇقى جايلاشقان يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. فرانسىسكانىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. «سىز ئۇنىڭدىن نېمىنى كۈتەلەيسىز؟ ئۇ توي قىلغان، كۈنى ناھايىتى ياخشى، سىزنىڭمۇ ھال ـ كۈنىڭىز قەدىر ـ ئەھۋال. بۇ ئاۋارىچىلىكلەر-گە كىم خۇشتار؟ گۈزەل كىچە، لەززەتلىك كەچلىك تاماق،

كېلىشكەن ئايال. ئارزۇ ئارزۇ پېتى قالسۇن. لېكىن، پەرۋەر-دىگارىم، ئۇ ھەقىقەتەن جازىبىلىك ئايال. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر نەرسە بار، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇش ناھايىتى تەس.»

روبېرت ماشىنىسىنى ھەيدەپ فرانسىسكانىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇ قوتاندا ئىشلەۋاتاتتى، قوتاندىكى مال - ۋارانلارنىڭ مەرەشلىرى يولدىكى ئاۋازلارنى بېسىپ كەتكەندى. روبېرت كىنكاينىڭ ماشىنىسى شۇ تاپتا ھېلىقى كۆۋرۈككە قاراپ تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى.

ئىككىنچى كۆۋرۈكتىمۇ ئىشلار ئوخشاش بولدى. ئۇ كۆۋرۈك جىلغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئىدى. روبېرت بارغاندا كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى تۇمان تېخى تارقاپ كەتمىگەنىدى. روبېرت ئۈچ يۈز مىللىمېتىرلىق كۆز بىلەن ئاسماننىڭ سول بۇرجىكىدىكى يۇمىلاق يوغان كۈننى، كۆۋرۈككە تۇتىشىپ كەتكەن ئاق شېغىللىق يولنى ھەم كۆۋرۈكنىڭ ئۆزىنى بىللە سۈرەتكە تارتتى.

روبېرت ئارىلىقنى تەخشەپ سۈرەت تارتىدىغان كونا ئاپپارات بىلەن قوخۇر بېلگىيە ئاتلىرى قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ ئاپئاق يولدا كېتىۋاتقان بىر دېھقاننى سۈرەتكە تارتتى.

روبېرت سەككىزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە ئۈچ پۇتلۇق جازىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى سەزدى. سەھەردىكى خىزمەت ھەر ھالدا نەتىجىلىك تۈگىدى. بۇ يېزا پۇرىقىغا ئىگە كونسېرۋاتىپ ئەسەر ئىدى، لېكىن بۇ ئەسەر ناھايىتى ياخشى ۋە ئىنتايىن پۇختا چىقاتتى.

روبېرت يەتتە ئورام پلېيونكىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بولدى. ئۇ ئاپپاراتنىڭ ئىچىنى قۇرۇقداپ، ئاندىن جىلىتكىسىنىڭ سول يانچۇقىدىن تۆتىنچى ئاپپاراتنى ئالدى. «ئاناڭنى! » بېگىز قولىغا باسما مىخ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ روسمان كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىن ھېلىقى قەغەزنى باسما مىخ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ يانچۇقىغا سالغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. روبېرت خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى: «‹ئاق پەرۋانە قاناتلىرىنى كەرگەن، چاغدا كەچلىك تاماق يېگۈڭىز كەلسە، كەچتە ئىشلىرىڭىزنى تۈگىتىپ، قاچانلا كەلسىڭىز بولىدۇ.»

روبېرت ئىختىيارسىز كۈلۈپ، فرانسىسكانىڭ مۇشۇ بىر پارچە قەغەز بىلەن باسما مىخنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇدا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كۆۋرۈك بېشىغا بارغان چاغدىكى مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ بەش مىنۇتتىن كېيىن بازارغا قايتتى. دېسگول ماي قاچىلاش پونكىتىدىكىلەر ماشىنىسىغا ماي قاچىلاپ ماي بېسىمىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ئۇ ماي قاچىلاش پونكىتىدىن تېلېفون بەرمەكچى بولدى. نېپىز تېلېفون دەپتىرى خەقلەرنىڭ ماي يۇقى قوللىرى بىلەن ۋاراقلىنىشىدىن قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. «جونسون. R» دېگەن ئىسىمدىن ئىككىسى چىقىپ قالدى، بىرىنىڭ ئادرېسى بازاردا ئىدى.

روبېرت ناھىيىگە ئۇلىنىدىغان ھېلىقى نومۇرغا بۇراپ قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونىنى ساقلاپ تۇردى. تېلېفون بىرىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا فرانسىسكا كەينى ئايۋاندا ئىتقا بىر نېمە بېرىۋاتاتتى. ئىككىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا تېلېفوننى ئېلىپ:

— جونسون ئائىلىسى، — دېدى.

— ۋەي، مەن روبېرت كىنكاي.

فرانسىسكانىڭ يۈرىكى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش بىردىنلا قاتتىق سىيلىپ كەتتى.

— خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. W. B. يېتېپسىنى پوچتىدىكەش قىلىپسىز. كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن. بىراق كەچرەك بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن. ھاۋا ناھايىتى ياخشى، شۇڭا سۈرەت تارتىشنى پىلانلاپ قويغانىدىم. ئويلىنىۋالاي، ئىسمى نېمىدى؟ شەمشاد كۆۋرۈكى... ئاخشاملىقى سۈرەتكە تارتىپ بولىمەن. توققۇزلاردا تۈگىتىمەن. ئاندىن يۇيۇ-

نىمەن. ئاڭغىچە سائەت توققۇز يېرىم، ئون بولۇپ كېتىدۇ، بولامدۇ؟

ياق، فرانسىسكا روبېرتنى ئۇنچىلىك ئۇزاق ساقلىيالماي-دۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئىشلىرىڭىزنى تۈگىتىۋېلىڭ، مۇھى-مى شۇ. مەن ئاغزىڭىزغا تېتىغۇدەك بىر نەرسە تەييارلاپ قويى-مەن، كەلگەندە ئىسسىتىپ بەرسەم بولىدۇ.

— سۇرەت تارتىشىمنى كۆرگىلى كېلىشنى خالىسىڭىز تې-خى ياخشى. سىز ماڭا پۇتلاشمايسىز. مەن سائەت بەش يېرىملار-دا سىزنى ئالغىلى بارىمەن.

فرانسىسكا بۇ ئىشنى ئويلاپ تۇرۇپ كەتتى. روبېرت بىلەن بىللە بارسا، ئاندىن ئۇلارنى بىرەرى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلى-دۇ؟ مۇبادا رىچارد بىلىپ قالسا ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرى-دۇ؟

شەمشاد كۆۋرۈكى يېڭى تاشيول بىلەن پاراللېل، تاشيول-نىڭ بەش يۈز يارد يۇقىرىسىغا جايلاشقان سېمونت كۆۋرۈك ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئانچە تارتىپ كەتمەيت-تى. راست تارتىپ كەتمەسمۇ؟ ئۇ ئىككى مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر نىيەتكە كەلدى.

— ماقۇل، بارىمەن. ئۆزۈمنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بې-رىپ، سىز بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشىمەن. نەچچىدە باراي؟

— ئالتىلەر بىلەن بېرىڭ. سىز بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشەي-لى، بولامدۇ؟ خەير - خوش.

روبېرت بىر كۈن ۋاقىتنى يەرلىك گېزىتخانىدا ۋاقتى ئۆ-تۈپ كەتكەن گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. بازاردا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ راھەتلىنىپ ئولتۇرغۇدەك ناھا-يىتى چىرايلىق بىر مەيدانى بار ئىدى. روبېرت مەيداندىكى دەرەخلىك ئارىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا چۈشلۈك تاماق

يېدى، قولىدا بىر سومكا ئالما، ئازراق بولكا بار ئىدى. كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قەھۋەخانىدىن بىر بوتۇلكا كاكائو ئالدى.

روبېرت كاكائو ئالغىلى قەھۋەخانىغا كىرگەندە ۋاقىت چۈشتىن يېڭىلا ئۆتكەنىدى. خۇددى بۇنىڭدىن خېلى يىل ئىلگىرى غەربىي شىمالدىكى بىر قەھۋەخانىدا پەيدا بولۇپ قالغان يەرلىك مەرگەنگە ئوخشاش قاراقخانىدىكىلەر قىزغىن پاراڭلىرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا بېشىدىن باشتىن ـ ئايىغىغىچە زەن سېلىپ قاراشتى. روبېرت بۇ خىل ئادەتكە ئۆچ ئىدى، ئۆزىنى قورۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك سېزەتتى. لېكىن، بۇ ھەممە ناھىيە بازارلىرىغا ئورتاق ئادەت ئىدى.

ــ يېڭىدىن بىرى كەپتۇ! بىزگە ئوخشىمايدىكەن! ئۇ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەندۇ؟

ــ بىرى ئۇنى فوتوگراف دەيدۇ، ئۇنىڭ بوگۇن ئەتىگەن خىلمۇ خىل ئاپپاراتلارنى ئېسىپ كۆۋرۈكتە يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنمىش.

ــ ماشىنىسىنىڭ نومۇرىغا قارىغاندا، ئۇ غەربىي ـ شىمالدىكى ۋاشىنگتون ياقتىن كەلگەندەك قىلىدۇ.

ــ ئۇ ئەتىگەن گېزىتخانىدا بوپتۇ. جىم، ئۇنى گېزىتخانىدا كۆۋرۈكلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن دەيدۇ.

ــ راست، دىگۇستىكى شاكىچىك فېشىل ئۇنىڭ تۈنۈگۈن ئۆزلىرىدىن لەمپىلىك كۆۋرۈككە بارىدىغان يولنى سورىغانلىقىنى ئېيتتى.

ــ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۆزى بىلەمدىكەن؟

ــ بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ سۈرىتىنى ئالىدىغان ئادەممۇ چىقارمۇ؟ كونىراپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆۋرۈكلەرغۇ ئۇ!

ــ ئۇنىڭ چاچلىرى نېمىدېگەن ئۇزۇن، ھىپپىلارنى نېمە دەيتتۇق؟ شىپىس، شۇلارنىڭ چاچلىرىغا ئوخشايدىكەن، شۇنـ

داقمۇ؟ — بۇ بىر ئېغىز گەپتىن ئايرىم خانىدا ئولتۇرغانلار بىلەن ياندىكى ئۇستەلدىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
روبېرت كاكائو ئېلىپ قەھۋەخانىدىن چىقىپ كەتتى. قەھ-ۋەخانىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئۇنىڭدا ئىدى. فرانسىسكانى سىرتقا تەكلىپ قىلىش ئۇنىڭغا خاتا ئىشتەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزى-نى ئەمەس، فرانسىسكانى ئويلايتتى. ناۋادا بىرەرى فرانسىسكا-نى شەمشاد كۆۋرۈكىدە كۆرۈپ قالسا بۇ گەپ ئەتىسى ناشتىدا قەھۋەخانىغا، قەھۋەخانىدىن دېسگول ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى ئۆتكەن - كەچكەن شوپۇرلاردىن ماي پۇلى يىغىدىغان شاكىچىك فېشېل ئارقىلىق ھەممە يەرگە پۇر كېتەتتى، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ تېز بولۇشى مۇمكىن.
روبېرت بازاردىكى پوچتاليوننىڭ خەۋەر يەتكۈزۈش ئۇنۇمى-گە ھەرگىز سەل قارىماسلىق لازىملىقىنى ھېس قىلدى. سۇدان ئىككى مىليون ئۆسمۈرنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە ھېچكىمنىڭ كارى يوق، لېكىن رىچاردنىڭ خوتۇنى ئۇزۇن چاچلىق ناتونۇش بىر كىشى بىلەن بىللە بولۇپ قالسا، بۇ قالتىس خەۋەردە! تېز يېيىلىپ كېتىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىچە مۇلاھىزە قىلىشىدۇ، ئائىلىغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە مۇجمەل شەھۋانىي ئىستەك قوزغى-لىپ، مۇشۇ يىل ئىچىدە ئۇلار بايقىغان بىردىنبىر چوڭ ۋەقەگە ئايلىنىپ قالىدۇ.
روبېرت چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى تېلېفون بوتكىسىغا بېرىپ فرانسىسكانىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بۇرىدى. تېلېفون ئۈچ قېتىم جىرىڭلىغاندا فرانسىسكا تۇرۇپكىنى ئېلىپ، سەل ھاسىرىغان ئاۋازدا:
— ۋەي، روبېرت كىنكايمۇ، — دېدى.
فرانسىسكانىڭ كۆڭلى شۇئان بىر قىسمىلا بولۇپ كەتتى. روبېرت كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، دەپ قويغىلى تېلېفون بەرگەن چېغى دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئوچۇق دەۋېرەي، بازاردىكى كىشىلەر بىزگە بەك قىيىن قىپ قاپتۇ. ئاخشاملىقتا ئىككىمىزنىڭ بىللە يۈرۈشمىسىزگە بىئەپ بولسا ئۆزىڭىزنى زورلىماڭ. راستىنى ئېيتسام، بۇ يەردىكىلەرنىڭ قانداق ئويدا بولۇشى بىلەن كارىم يوق، قانداق ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن. يېنىڭىزغا كەچرەك بارىمەن. سىزنى سىرتقا چىقىشقا تەكلىپ قىلمىسام بولغانىكەن. مەيلى نېمە بولسۇن، سىز بىلەن بىللە بىرىشنى جان دەپ خالايمەن.

روبېرت بايا تېلېفون بەرگەندىن كېيىن فرانسىسكا مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتقانىدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى.

— ياق، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە قاراپ تۇرىمەن، قۇرۇق گەپ - سۆزلەردىن قورقمايمەن، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن يەنىلا ئەنسىرەيتتى، ئەمما ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان نەرسە ئۇنى قارامىلىق قىلىشقا ئۈندەپمۇ تۇراتتى. مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلىسۇن، ئۇ شەمشاد كۆۋرۈكىگە بارماقچى بولدى.

— بارىكاللا، مەن يەنە تەكشۈرۈپ سىلىشتۇرۇپ باقاي. سەل تۇرۇپ كۆرۈشەيلى!

— ماقۇل! — روبېرت ئەستايىدىل ئىدى، بۇنى فرانسىسكا بىلەتتى.

روبېرت سائەت تۆتتە مېھمانخانىغا قايتىپ بىر نەچچە قۇر كىيىمىنى يۇيدى. پاكىز كۆڭلىكىنى كىيىپ يەنە بىر كۆڭلىكىنى، بىر كاجى ئىشتىنى بىلەن بىر جۈپ ساپما كەشنى ماشىنىسىغا سالدى. ئۇ بۇ ساپما كەشنى 1962 - يىلى دارجىلىڭ داۋىنىغا تۇتاشتۇرۇلغان تۆمۈريول ھەققىدە سۈرەتلىك خەۋەر ئىشلىگەن چاغدا ھىندىستاندىن ئالغانىدى. ئۇ بىر قەھۋەخانىدىن ھەر بىر يەشىككە ئالتە بوتۇلكا پىۋا قاچىلانغان بوردىۋىس پىۋىسىدىن ئىككى يەشىك ئېلىپ — كۆپ بولغاندا سەككىز بوتۇلكىنى سالغىلى بولاتتى — پىلىيونكىلارنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ

قويۇپ مۇزلاتقۇغا سالدى.

ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى، يەر ـ جاھان تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئىئوۋادا چۈشتىن كېيىن كۈننىڭ قىزدۇرۇشىدىن سېمونت يول، خىش ئۆيلەر ۋە توپىلىق يوللار ئوتتەك قىزىپ كېتەتتى. كەچقۇرۇنغا يېقىن ئوتنىڭ ئۈستىگە ماي چاچقاندەك غەربتىن ھۆلۈلدەپ ئىسسىق ئۇرۇپ تۇراتتى.

كىچىك قەھۋەخانا بەكلا قاراڭغۇ، لېكىن سالقىن ئىدى. ئىنشىك ئېچىۋېتىلگەن، تورۇستا يوغان شامالدۇرغۇچ، ئىشىك تۈۋىدە يەنە بىر تىكلىمە شامالدۇرغۇچ يېنىك ئاۋاز چىقىرىپ پىرقىرايتتى. نېمىشقىدۇر، شامالدۇرغۇچنىڭ ئاۋازى، ئۇزاق ساقلانغان پىۋا بىلەن تاماكىنىڭ ھىدى، پاتېفوننىڭ كانىيىدىن چىققان يۇقىرى ئاۋاز ۋە قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە رەقىبلەر-دەك تىكىلگەن كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى غەلىتىلا ئىدى.

تاشيولدا ئاپتاپ ئادەمنى كۆيدۈرەتتى. روبېرت كاسكادىي تاغ تىزمىلىرىنى ۋە كىداكا ئەتراپىدىكى سان جوئان دې فوركا بوغۇزى ياقىسىدىكى ئاق شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن سالقىن شامالنى ئەسلىدى.

فرانسىسكا جونسون ئۆزىنى ناھايىتى سالقىن سېزەتتى. ئۇ «فورد» ماركىلىق ماشىنىسىنى كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى دەرەخلىكنىڭ كەينىگە توختىتىپ قويۇپ سېمونت تاختايغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان پادىچى ئىشتىنى، ساپما كەش ۋە ياقىسى يۇمىلاق ئاق كوپتا كىيىپ تېخىمۇ لىۋەنلىشىپ كەتكەنىدى. روبېرت ماشىنىسىنى فرانسىسكانىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

ــ تىنچلىقمۇ! سىزنى كۆرگىنىمگە تولىمۇ خۇشالمەن. ھاۋا نېمانداق ئىسسىق! ــ دېدى ئۇ. بۇ چەك باسمىغان گەپ بولدى.

مېھرى چۈشۈپ قالغان بىر ئايالنىڭ ئالدىدا روبېرتنىڭ

بۇرۇنقى ھېسسىياتى يەنە قوزغالدى. جىددىي ئىشلاردىن باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ بولغاندا ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالاتتى، ئۇنىڭدا يۇمۇرلۇق تۇيغۇ بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۇيغۇ سەل غەلىتە ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كەسكىن، ھەرقانداق ئىشتا ئەستايىدىل ئىدى. ئاپىسى دائىم ئۇنىڭ تۆت ياشتا چوڭ ئادەمدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ بېرەتتى، كەسپىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خاراكتېر ئۇنىڭغا يارىشاتتى. بىراق، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خاراكتېر فرانسىسكاغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئايال ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

— سۈرەت ئىشلىشىڭىزنى كۆرمەكچىمەن، «سۈرەت تارتىش» دېسىڭىزمۇ مەيلى.

— ھازىرلا كۆرەلەيسىز ھەم بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن زېرىككىشلىك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قارايدۇ. بۇ پىئانىنو چالغانغا ئوخشىمايدۇ. سىز پىئانىنودىن ئۆرتاق بەھرىمەن بولالايسىز. فوتوگرافلىق دېگەن بۇ كەسپتە ئىشلەش بىلەن ئورۇنداش ئارىلىقىدا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بار. بۈگۈن مەن پەقەت ئىشلەيمەن. سۈرەت قەيەردىلا بولسۇن بېسىلىپلا چىقسا، مانا بۇ ئورۇنداش بولىدۇ. بۈگۈن مېنىڭ كۆپلىگەن قالايمىقان ھەرىكەتلىرىمنى كۆرىسىز، شۇنداقتىمۇ، قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە رەھمەت، كەلگىنىڭىزدىن بەك خۇشالمەن.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئېغىز گېپىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، دېگۈسى يوق گەپنى دەپ سالغانلىقىنى قىياس قىلدى. ئۇ گەپلەر بىلەن توختاپ قالسا بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلماي يەنە بىر مۇنچە گەپنى قىلدى. فرانسىسكانى كۆرۈپ چىن كۆڭلىدىن خۇش بولدى، بۇنىسى ئېنىق. فرانسىسكا بۇ يەرگە ئەسلى ئۆزى ھېس قىلغان ئارزۇ — ئۈمىدىنى روبېرتقا ھېس قىلدۇرغىلى كەلگەنىدى.

— سىزگە قانداق ياردىمىم كېرەك؟ — دېدى فرانسىسكا ئۆتۈك كىيىۋاتقان روبېرتقا قاراپ.

— سىز ئاۋۇ كۆك سومكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىڭ، مەن ماۋۇ ئۈچ پۇتلۇق جازىنى كۆتۈرىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، فرانسىسكا ياردەمچى فوتوگراف بولۇپ قالدى. روبېرتنىڭ بايا دېگەن گەپلىرى توغرا چىقماي قالدى، كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ بىر بەلگىلىك ئورۇنداش سەنئىتى ھېسابلىناتتى، بۇنى روبېرتنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلالمىغانىدى، فرانسىسكا تۇنۇگۈن شۇنىڭغا دىققەت قىلغانىدى. روبېرتنىڭ فرانسىسكانى جەلپ قىلىۋېلىش سەۋەبلىرىنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئىدى. ئۇ سالاپەتلىك، قاراشلىرى ئۆتكۈر، تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇرىدىغان مۇرە مۇسكۇللىرى چىڭ، بولۇپمۇ ئالدىغا سىلجىغان چاغدىكى قىياپىتى بەك چىرايلىق ئىدى، شۇڭا فرانسىسكاغا ئۇ تونۇيدىغان ئەرلەر روبېرتتىن كالامپايدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

روبېرت ھەرگىز ئالدىراش – تېنەش ئەمەس، ئەكسىچە بىمالال، ئەركىن ھەرىكەت قىلاتتى. فرانسىسكا ئۇنىڭ چاققان ھەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭدا بۆكەنلەرگە خاس سۈپەت بار ئىدى. روبېرت بۆكەنگە قارىغاندا قاپلانغا بەكرەك ئوخشىسا كېرەك. راست قاپلان، ئۇ دەل قاپلاننىڭ ئۆزى. فرانسىسكا بۇگۈن روبېرتنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان قاپلاننىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— فرانسىسكا، كۆك تاسمىلىق ئاپپاراتنى سۇنۇۋېتىڭا.

فرانسىسكا سومكىنى ئېچىپ ئاپپاراتنى ئالدى، روبېرت بەھۇزۇر ئىشلىتىپ يۈرگەن قىممەت باھالىق بۇ ئۈسكۈنىلەرنى ئۇ ناھايىتى ئاۋايلاپ تۇتتى. ئاپپاراتنىڭ خۇرۇم تاسمىسىغا «نىكان» دېگەن خەت بىلەن «F» ھەرپى ئويۇلغانىدى.

روبېرت شۇ تاپتا كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي شىمالىدا يۈكۈنۈپ

ئولتۇراتتى، ئۈچ پۇتلۇق جازا يەر بىلەن تەڭ دېگۈدەك تىكلەكلىك تۇراتتى. روبېرت سول قولىنى سوزغان، كۆزلىرى ئاپپاراتنىڭ مەنزىرە كۆرۈش ئەينىكىگە تىككەن ھالەتتە ئىدى. فرانسىسكا ئاپپاراتنى سۇنۇۋېتىپ روبېرتنىڭ ئاپپاراتىغا قولى تېگىش بىلەن تەڭ ئاپپاراتنىڭ كۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىغا قاراپ تۇردى. روبېرت يىپىنىڭ ئۇچىغا باغلىۋالغان پورشىن بىلەن زاتۋورنى تارتتى — فرانسىسكا ئۇچىغا پورشىن باغلانغان يىپنىڭ روبېرتنىڭ جىلىتكىسىدىن چىقىپ قالغانلىقىنى ئاخشام كۆرگەنىدى — چىراغ «لاپپىدە» ياندى، زاتۋورنى يەنە تارتتى، چىراغ يەنە «لاپپىدە» ياندى.

روبېرت ئۈچ پۇتلۇق جازىنىڭ ۋىنتىلىرىنى بوشىتىپ ئاپپاراتنى ئالدى، ئورنىغا فرانسىسكا ئېلىپ بەرگەن ئاپپاراتنى ئورناتتى. روبېرت ئاپپاراتنى چىڭىتىۋېتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، فرانسىسكاغا كۈلۈپ قارىغىنىچە:

— رەھمەت، سىز بىرىنچى دەرىجىلىك ياردەمچىكەنسىز، — دېدى، فرانسىسكانىڭ چىرايى ۋىلىلدە قىزاردى.

تۇۋا، ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن نېمىشقا «ئەرزىمەيدۇ» دېگەن ئادەتتىكى بىر ئېغىز گەپنى قىلمىدىم، فرانسىسكا شۇنداق ئويلىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا سەل دۆتلۈك قىلدىم. لېكىن بۇنىڭغا ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى سەۋەبچى ئەمەس، ئۆزۈم سەۋەبچى، مەن ئۇنىڭدەك كاللىسى سەگەك كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇشقا ئادەتلەنمىگەن.

روبېرت ئېقىننى كېچىپ قارشى قىرغاققا ئۆتتى. فرانسىسكامۇ كۆك سومكىسىنى ئېسىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ روبېرتنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇردى. فرانسىسكا ئۆزىنى بەكلا خۇشال سېزەتتى، بۇ خۇشاللىقتىن ھەم ئەجەبلىنەتتى. بۇ ھاياتى كۈچكە تولغان يەر ئىدى. روبېرتنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا قانداقتۇر بىر كۈچ نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى تەبىئىي كۆرۈنۈش-



www.uyghurkitap.com

لەر ئەمەس ئىدى، بەلكى كۆرۈنۈشلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەپ، ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە يارىتىپ، تەبىئەتنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرگەن مەنزىرىلەرگە ئۇيغۇنلاشتۇراتتى.

روبېرت ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىنى كۆرۈنۈشلەرگە تاڭاتتى، ئوخشاش بولمىغان كۆرۈنۈش، ئوخشاش بولمىغان پىليونكا ۋە بەزىدە نۇر سۈزگۈچنى ئىشلىتىپ، يورۇقلۇقنىڭ ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇراتتى. ئۇ تەبىئەت بىلەن ئاددىي هالدا كۈرەش قىلماي، بەلكى ماهارەت ۋە پەم ـ پاراسەت ئارقىلىق تەبىئەتكە هۆكۈمرانلىق قىلاتتى، دېھقانلار بولسا تەبىئەتنى خىمىيۋى ماددا ۋە توپا چىڭداش ماشىنىسى بىلەن بويسۇندۇراتتى.

فرانسىسكا روبېرت يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندا، پادىچى ئىشتىنىنىڭ كاسسا قىسمى چىڭ تارتىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆڭۈپ كەتكەن قىيپاش يوللۇق كۆڭلىكىنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالىدىغانلىقىنى، كۈمۈشتەك ئاپئاق چاچلىرىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يېپىۋالىدىغانلىقىنى، فوتو ئاپپاراتنى تەڭشەش ئۈچۈن قانچىلىك يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى كۆردى. تالاي يىللاردىن بۇيان بىرىنچى قېتىم خەققە دىققەت قىلىپ قاراۋېرىپ ئۆزىنىڭ ئاچارىسى «مىچچىدە» هۆل بولۇپ كەتتى. فرانسىسكا بۇنى سەزگەندە كېچە ئاسمىنىغا قاراپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى. روبېرتنىڭ بىر نەرسىنى پەس ئاۋازدا تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ئۇ قايلىشىپ قالغان نۇر سۈزگۈچنى ئاپپاراتنىڭ كۆزىدىن تولغاپ ئالالمايۋاتاتتى.

روبېرت يەنە سۇ كېچىپ ماشىنا تەرەپكە قاراپ كەينىگە ياندى، پۇتىدىكى رېزىنكە ئۆتۈك سۇدا شالاقلايتتى. فرانسىسكا لەمپىلىك كۆۋرۈكتە مېڭىپ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدىن چىقىپ قارىسا، روبېرت ئاپپاراتنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ روڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. فرانسىسكا چوڭ يولنى بويلاپ روبېرتقا قاراپ كېلىۋەردى، روبېرت كۇنۇپكىنى باستى، كۇنۇپكىنى يەنە كەينىگە قاي-

رىپ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم يەنە باستى. فرانسىسكا ئۆزىچە سەل خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ قويدى.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى روبېرت كۈلۈپ، — بۇ سورەتلەرنى سىزنىڭ ئىجازىتىڭىزسىز ھېچقانداق يەردە ئىشلەتمەيمەن. بۇ يەردىكى ئىشلىرىم تۈگىدى. ئاۋۋال مېھمانخانىغا بېرىپ يۇيۇنۇۋېلىپ، ئاندىن سىزنىڭكىگە بارايمىكىن دەيمەن.

— ئىختىيارىڭىز، سىزگە نېمە كېرەك بولسا ماڭا دەۋېرىڭ، تەييارلاپ بېرىمەن، — دېدى فرانسىسكا سەمىمىلىك بىلەن پەس ئاۋازدا.

— ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلاي، سىز مېڭىپ تۇرۇڭ. مەن بۇ نەرسىلەرنى ماشىنامغا قاچىلاپ بولۇپ دەرھال يېتىپ بارىمەن.

فرانسىسكا رىچاردنىڭ «فورد» ماركىلىق يېڭى ماشىنىسىنى دەرەخلىكتىن كەينىچىلەپ كۆۋرۈكنىڭ سىرتىدىكى تاشيولغا ئاچىقتى، ئاندىن سولغا بۇراپ، غەربىي جەنۇب ياققا جايلاشقان ئۆيى تامان يۈرۈپ كەتتى. جاھاننى قۇم - بوران باسقانىدى، روبېرتنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان - كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. فرانسىسكا بىر دوقمۇشتىن ئەگىلگەندە بىر ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا روبېرتنىڭ ماشىنىسىنىڭ سىلكىنىپ كېلىۋاتقان چىرىغىنى كۆرگەندەك بولدى.

چوقۇم شۇ. ئۆيگە يېقىنلا كېلىپ تۇرغان فرانسىسكا روبېرتنىڭ ماشىنىسىنى تار كوچىغا ھەيدەپ كىرگەنلىكىنى بىلدى. جېك ھاۋشىپ قويۇپ: «تۇنۇگۈن كەلگەن ھېلىقى نېمە شۇ. پەرىزىمچە، ھېچ ئىش يوق» دېگەندەك جىمىپ كەتتى. روبېرت ماشىنىسىنى توختىتىپ ئىت بىلەن ئازراق پاراڭلاشتى.

فرانسىسكا ئۆيدىن چىقىپ:

— يۇيۇنۇۋالامسىز؟ — دېدى.

— بولىدۇ، مۇنچىنى كۆرسىتىپ قويۇڭ.

فرانسىسكا ئۇنى ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى مۇنچىغا باشلاپ چىق-
تى. ئۇ مۇنچىنى فرانسىسكا باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن
رىچاردنىڭ قولىقىنى ئاغرىتىپ يۈرۈپ ئورناتقانىدى. رىچارد
ئاماللىق يوقىدىن فرانسىسكانىڭ بىردىنبىر مۇشۇ ئىلتىماسىنى
ئورۇندىغانىدى. فرانسىسكا كەچلىرى ئىسسىق سۇدا ئۇزۇن يۇ-
يۇنۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئون نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان
باللىرىنىڭ يۇيۇنۇۋاتقاندا مۇنچىغا ئۇسۇپ كىرىشىنى خالىمايت-
تى. رىچاردنىڭ مۇنچىسى ئايرىم ئىدى. ئۇ فرانسىسكانىڭ مۇن-
چىدا ئىشلىتىدىغان بويۇملىرىنى كۆرسە بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭ
سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ بۇيۇملىرى ئۇنى بەك «بىسە-
رەمجان» قىلىۋېتەتتى.
مۇنچىغا كىرىشتە ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا
كېلەتتى. فرانسىسكا ئىشكىنى ئېچىپ، ئىشكاپتىن چوڭ -
كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان لۆڭگىدىن بىر نەچچىنى ئالدى.
— قايسىسىنى ئىشلەتسىڭىز ئىختىيارىڭىز، — دېدى ئۇ
كالپۇكىنى بوش چىشلىگىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
— سىز دە ئارتۇقى بولسا چاچ يۇيۇش مەلھىمىنى بېرىپ
تۇرسىڭىز، شۇنى ئىشلىتەي، ئۆزۈمنىڭكى مېھمانخانىدا قاپتۇ.
— بولىدۇ. تاللىۋېلىڭ، — فرانسىسكا بىر - بىرىگە
ئوخشىمايدىغان ئۈچ بوتۇلكىنى ئېلىپ ئىشكاپنىڭ ئۇستىگە قوي-
دى، ئۇچىلىسى ئىشلىتىپ يېرىمداپ قالغان بوتۇلكىلار ئىدى.
— رەھمەت، — روبېرت يەڭگۈشلەيدىغان پاكىز كىيىم-
لىرىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. فرانسىسكا كاجى ئىشتانغا، ئاق
كۆڭلەككە ۋە ساپما كەشكە دىققەت قىلدى. بۇ يەردە ئەرلەر ساپما
كەش كىيمەيتتى، بازاردىن كەلگەن بىرەر - يېرىم ئادەم گولف
توپ مەيدانىدا كەڭ كالتە ئىشتان كىيىشكە باشلىغانىدى، لېكىن
دېھقانلار كىيمەيتتى.
ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان فرانسىسكا مۇنچىدا

www.uyghurkitap.com

شارقىراپ چۈشكەن سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. روبېرت شۇ تاپتا قىپيالىڭاچ، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى ئادەتتىن تاشقىرى بىر تۇيغۇنى ھېس قىلدى.

روبېرت ئەتىگەن تېلېفون بەرگەندىن كېيىن فرانسىسكا ماشىنا بىلەن قىرىق ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى دېس موينېسقا بېرىپ بىر ماگىزىنغا كىردى. ئۇ قانداق هاراقنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، پىركازچىكقا ياخشىراق ۋىنو ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پىركازچىكمۇ هاراقنىڭ قاندىقى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بوپتۇ، بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق. شۇنىڭ بىلەن فرانسىسكا قاتار تىزىلىپ كەتكەن بوتۇلكىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىردىنلا «ۋارپولچېرا» ماركىلىق بوتۇلكىنى كۆرۈپ قالدى.

بۇنىڭ تالاي يىللار ئىلگىرى ئىتالىيىنىڭ ۋىنوسى ئىكەنلىكى هېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇ ۋىنودىن ئىككى بوتۇلكا، غاز بويۇن براندىدىن بىر بوتۇلكا ئالدى.

فرانسىسكا ماگىزىندىن چىقىپ يەنە بىر ماگىزىندىن ئۆزىگە هال رەڭ كۆڭلەكتىن بىرنى ئالدى. بۇ كەينى تەرىپى بەلگىچە، ياقىسى مەيدىسىگىچە ئوچۇق، كىيسە كۆكسىلىرى يېرىم چىقىپ قالىدىغان، بېلىنى ئىنچىكە پويىز بىلەن باغلىۋالىدىغان كۆڭلەك ئىدى. ئۇ يەنە بىر جۈپ ساپما كەش ئالدى، پاشنىسى تۈز، ئۈستىگە نەپىس گۈل ئىشلەنگەن بۇ ساپما كەش بەكمۇ قىممەت ئىدى.

فرانسىسكا چۈشتىن كېيىن ئارىسىغا مۈچ سېلىپ پىدىگەن مۇرابباسى، تېرىق، ئىرىمچىك ۋە يۇمغاقسۇت ئۈۋۈقىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلدى. ئاندىن سالات، قوناق قوتۇرمىچى، تاتلىق يېمەكلىكلەردىن ئالما مۇرابباسى بىلەن تۇخۇم پوشكىلى راسلىدى. تۇخۇم پوشكىلىدىن باشقا يېمەكلىكلەرنى مۇزلاتقۇغا سېلىۋەتتى.

فرانسسكا يېڭى كۆڭلىكىنى ئالدىراش ـ تېنەش تىزىغا كەلگۈدەك قىلىپ قىسقارتتى. يازنىڭ بېشىدىلا دېس موينېستا چىقىدىغان «رويخەتكە ئېلىنغان گېزىت» كە بېسىلغان بىر ماقا- لىدە، بۇ يىل تىز بىلەن تەڭ كۆڭلەك كىيىش ئومۇملىشىدۇ، دېيىلگەنىدى. فرانسسكا يېڭى مودىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىملەرنى كىيىشنى ياۋروپالىق كىيىم لايىھىلىگۈچىلەرگە يا- ۋاشلىق بىلەن باش ئېگىش دەپ قاراپ كەلگەنىدى. تىز بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتىكى كۆڭلەك ئۇنىڭغا بەك يارىشىپ كەتتى.

ۋىننونى نەگە قويۇش بىر گەپ بولۇپ قالدى، يەرلىكلەر ۋىننونى مۇزلاتقۇغا سالاتتى، ئىتالىيىلىكلەر ئۇنداق قىلمايتتى. ئاشخانىنىڭ تەكچىسى بەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ سۇخانىنى ئېسىگە ئالدى، يازدا سۇخانىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىننونى سۇخانىغا ئەكىرىپ تامغا يېقىن قويۇپ قويدى. ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى مۇنچىدا سۇنىڭ شارقىرىشىنىڭ توخ- تىشى بىلەن تەڭ تېلېفون جىرىڭلىدى، رىچارد ئىلىنوس شتاتى- دىن تېلېفون بەرگەنىدى.

— ئىشلار جايىدىمۇ؟

— جايىدا.

— كارولىنىنىڭ موزىيىنى چارشەنبە كۈنى باھالايدىغان بولدى، پەيشەنبە كۈنى كۆرىدىغان ئاز ـ تولا نەرسىلەر بار، جۈمە كۈنى قايتىمىز. كەچرەك بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— بولىدۇ، كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىڭلار. كەلگۈچە ماشى- نىنى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەڭ.

— فرانىي، سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ ئاۋازىڭىز سەل غەيرىي چىقىۋاتىدىغۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، مەن ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. ھاۋا بەك ئىسسىق، يۇيۇنۇۋالسام ياخشى بولۇپ كېتىمەن.

— ماقۇل، جېكقا مەندىن سالام ئېيتىڭ.

www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالىمىڭىزنى يەتكۈزىمەن، — فرانسىسكا جېكقا قاراپ قويدى، جېك سېمونت يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

روبېرت كىنكاي ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈپ ئاشخانىغا كىردى. ئۇ ئاق ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكنىڭ يېڭىنى بىلىكىگىچە تۈرۈۋالغان، سۇس كاجى ئىشتان، قوڭۇر ساپما كەش كىيگەن، قولىغا كۈمۈش بىلەزۈك تاقىۋالغانىدى. كۆڭلەكىنىڭ ئىككى تۈگمىسى ئوچۇق، مەيدىسىدە كۈمۈش زەنجىر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھۆل چاچلىرى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلىپ رەتلىك تارالغانىدى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ ساپما كەشكە قىزىقىپ قالدى.

— مەن دالىدا كىيگەن مەينەت كىيىملىرىمنى ئاچىقىپ ماشىنىغا قويۇپ قوياي، ئاندىن ئاپپاراتلارنى ئەكىرىپ تازىلاپ سۈرتۈۋېتەي.

— بېرىڭ. مەن يۇيۇنۇۋالاي.

— يۇيۇنغان ۋاقتىڭىزدا پىۋا ئىچەمسىز؟

— پىۋىڭىز ئارتۇق بولسا مەيلى.

روبېرت مۇزلاتقۇدىن بىر بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ فرانسىسكاغا بەردى. فرانسىسكا ئىستاكاندىن ئىككىنى ئېلىپ، روبېرت ماشىنىسىنىڭ يېنىغا بارغۇچە، پىۋىنى كۆتۈرۈپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. ئۇ روبېرتنىڭ دوشنى پاكىز يۇيۇپ قويغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ دوشنى ئىسسىق سۇ بىلەن لىق توشقۇزۇپ ئىچىگە چۈشتى. ئىستاكاننى دوشنىڭ يېنىغا قويۇپ، سوپۇن سۈرۈپ ئالدىنى تازىلاشقا باشلىدى. روبېرت بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا مۇشۇ دوشتا ياتقانىدى، بايا روبېرت ياتقان دوش فرانسىسكاغا ئالامەت خۇش يېقىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭغا روبېرت كىنكاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتنى قوزغاپ قويۇ-

ۋاتقاندەك بولۇشقا باشلاۋاتاتتى.

يۈيۈنۈۋېتىپ بىر ئىستاكان مۇزدەك پىۋا ئىچىشتەك ئاددىي بىر ئىشمۇ ئۇنىڭغا شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ نېمىشقا رىچارد بىلەن مۇشۇنداق ئۆتەلمەيدۇ؟ ئۇ بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەبلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ھۇرۇنلۇق بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. نىكاھ ئاساسى ۋە مۇقىم مۇناسىۋەتلەر ھۇرۇنلۇق تۇپەيلى سۇسلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئادەتتە بەزى ئىشلارنى بىلگىلى بولىدۇ، ئالدىن كۆرەلىك كىشىگە راھەت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنى فرانسىسكامۇ ھېس قىلغانىدى.

ئادەم كۈچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئۈسكۈنىلەر توختىماي يېڭىلىنىپ ئەمگەك بۇرۇنقىدىن كۆپ يەڭگىللەپ كەتكەن بولسىمۇ، خۇددى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەلنىڭ ھالىدىن ھەر ۋاقىت خەۋەر ئېلىپ تۇرغاندەك دېھقانچىلىق مەيدانىدىمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرمىسا بولمايتتى.

بۇ يەردىكى تۇرمۇش بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. ئالدىن كۆرەلىك باشقا بىر ئىش، ئۆزگىرىشتىن قورقۇش باشقا بىر ئىش ئىدى. رىچارد ئۆزگىرىشتىن قورقاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىكى ھەرقانداق ئۆزگىرىشتىن ئەنسىرەپ كەلگەنىدى، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشنىمۇ خالىمايتتى. بولۇپمۇ ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمايتتى، ھېسسىيات ئۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەدەپسىزلىك سانىلاتتى.

رىچارد ھەرگىز ھېسسىياتى يوق ئەرلەردىن ئەمەس، بۇ ئىشتا ئۇنى ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايتتى. بۇ يەردە ئەركىنلىككە قارشى قۇرۇلغان قانداق سىرتقى توساق ئۇ؟ بۇ توساق دېھقانچىلىق مەيدانىدىلا ئەمەس، بەلكى سەھرا مەدەنىيىتىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ شەھەر مەدەنىيىتى بولۇشى

مۇمكىن. نېمىشقا مۇشۇنداق قورغان، قاشا ياساپ ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىندۇ؟ نېمىشقا قەدىناسلىق مۇناسىۋەت كەمچىل، نېمىشقا ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا يول قويۇلمايدۇ؟

ئاياللار ژۇرناللىرى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھۇجرىسىدا بولىدىغان ئىشلارغا تەقەززا بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئىشلارغىمۇ تەقەززا بولماقتا. رىچاردقا ئوخشاش ئەرلەر — فرانسىسكا كۆپلىگەن ئەرلەرنى قىياس قىلدى — مۇشۇنداق تەقەززالىقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتاتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلەرنىڭ شائىر، شۇنداقلا قورقماس ھەم ھېسسىياتلىق ئاشىقلاردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانداق زىددىيەت بارلىقىنى ئاياللار بىلمەيتتى، ئەرلەر زىددىيەت بار دەپ قارايتتى. ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىدىكى كىيىم يۆتكەش ئۆيى، ئەرلەرنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشى، بىرلىيانتخانا ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ ئايرىم يىغىلىشلىرىدىن ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئېتەتتى. بۇنداق سورۇنلار شېئىرىيەتنى ياكى نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق نەرسىنى سىغدۇرالمايتتى. شۇڭا، ناۋادا ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات بىر خىل نازۇك تۇيغۇ، تېگىدىن سەنئەتنىڭ بىر خىل شەكلى بولسا — فرانسىسكا شۇنداق قارايتتى — ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەر - خوتۇنچىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر - ئاياللار ئۈستىلىق بىلەن بىر - بىرىنى ئالداپ، بىر ياستۇققا باش قويغان ھالەتتىمۇ كۆڭۈللىرى باشقا يەردە پالاس قاقىدۇ. ئاخىر ئاياللار مادىرون ناھىيىسىنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە تامغا قاراپ خورسىنىپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

روبېرت كىنكايدا ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك ھېسسىياتنى چۈشىنەلەيدىغان ئىقتىدار بار ئىدى، بۇنى فرانىسىسكا جەزم قىلالايتتى.

فرانسىسكا لۆڭگىگە ئورنىنىپ ھۇجرىسىغا كىردى، سائەت ئوندىن سەل ئاشقانىدى. ھاۋا يەنىلا قاتتىق ئىسسىق، لېكىن يۇيۇنۇپ چىققان فرانسىسكا ئۆزىنى سالقىن سەزدى. ئۇ كىيىم ئىشكاپىدىن يېڭى كىيىملىرىنى ئالدى.

فرانسىسكا قاپقارا چاچلىرىنى كەينىگە تۇرۇپ كۇمۇش چازا بىلەن قىسىپ قويىدى. قۇلاقلىرىغا يوغان ۋە يۇمىلاق كۇمۇش ھالقا ئاستى، قولىغا ھېلىقى كۈنى ئەتىگىنى دېرىس موينېستىن ئالغان قۇلۇپلۇق كۇمۇش بىلەزۈكنى تاقىدى. «شامال ناخشىسى» ماركىلىق ئەتىرنى چاچتى. لاتىنلارغا خاس دۆڭ چىققان مەڭزىلىرىگە سۇس ئەڭلىك سۈردى. ھال رەڭ ئەڭلىك كىيىملىرىنىڭ رەڭگىدىن سۇس ئىدى. كالتە ئىشتان، كالتە كۆڭلەك بىلەن ئېتىزدا ئىشلەپ، ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن تېرىسى كىيىم ۋە تاقىغان بىلەزۈكلىرى بىلەن تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىن ئۇزۇن ۋە تولىمۇ چىرايلىق پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

فرانسىسكا تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئالدى ـ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە سەپسېلىپ، ئۇ مەن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئانچە سەت ئەمەسكەنمەن» دەۋەتتى.

ئۇ ئاشخانىغا كىرگەندە روبېرت كىنكاي ئىككىنچى ئىستاكان پىۋىنى ئىچكەچ، ئاپپاراتنى سومكىغا سېلىۋاتاتتى. روبېرت بېشىنى كۆتۈرۈپ فرانسىسكاغا قارىدى.

ــ توۋا، ــ دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا. پۇتكۈل ھېس ـ تۇيغۇ، ۋىسال ئىزدەش يولىدىكى باش قاتۇرۇش بىلەن ئۆتكەن ھايات شۇ تاپتا روبېرتنىڭ كۆز ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە

باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگى-
رى ناپولىستىن ئىئوۋا شتاتىغا قاراشلىق مادىزون ناھىيىسىگە
كەلگەن دېھقان ئائىلە فرانسىسكا جونسونغا بىر دىنلا كۆڭلى چۈ-
شۈپ قالدى.

— مەن، — روبېرتىنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ بوغۇلۇپ
چىقتى، — ناۋادا كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە، سىز ھەقىقەتەن كۆز-
دەك نۇرلۇق ئىكەنسىز، سىزنى كۆرۈپ كۆزلىرىم قاماشتى،
بېشىم قايدى. بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم. سىز گۈزەللىك بابىدا
تەڭدىشى يوق ساھىبجامال ئىكەنسىز. فرانسىسكا، بۇ گەپنى
مەن چىن يۈرىكىمدىن دەۋاتىمەن.

فرانسىسكا روبېرتىنىڭ ئۆزىگە راستتىنلا ئاشىق بولۇپ قال-
غانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئۇزۇن يىللار
تاشلىۋېتىپ ئەمدىلىكتە قاياقتىندۇر كەلگەن پەرىزاتنىڭ ئۇچۇم-
لاپ چاچقان خۇش پۇراق شەبنەملىرى ۋۇجۇدىنىڭ ھەر بىر
تۈشۈكچىلىرىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك، شاد - خۇراملىق ۋە
رازىمەنلىكنىڭ قايناملىرىدا ئەركىن ئۈزۈپ قانغۇدەك ھۇزۇرلىن-
ىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

دەل شۇ دەقىقىدە فرانسىسكا ۋاشىنگتون بېلىنىھامدىن كونا
قارا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەلگەن فوتوگراف ھەم يازغۇچى رو-
بېرت كىنكاينى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

## تانسا ئوينغىلى بولىدى-
## غان سورۇن يەنە تېپىلدى

1965 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ شۇ سەيشەنبە كۈنى كەچتە روبېرت كىنكاي فرانسىسكا جونسونغا كۆزلىرىنى ئۇزمەي قاراپ ئولتۇراتتى، فرانسىسكانىڭ كۆزلىرىمۇ روبېرتقا تىكىلگەنىدى. ئۇن ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان ئارىلىق ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قەدىناسلاردەك مەھكەم باغلىۋەتكەنىدى.

تېلېفون جىرىڭلىدى. فرانسىسكا روبېرتقا يەنىلا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. تېلېفون بىرىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا ئۇ مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئىككىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندىمۇ قىمىر قىلـ- ماي تۇرۇۋەردى. تېلېفون ئىككىنچى قېتىم جىرىڭلاپ ئۈچىنچى قېتىم يەنە جىرىڭلىغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇنغا سو- زۇلغان جىمجىتلىق ئىچىدە روبېرت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ نەزىرىنى ئاپپارات سومكىسىغا يۆتكىدى. شۇ چاغدىلا فرانسىسكا قەدىمىنى يۆتكەپ ئاشخانىدىن ئۆتۈپ روبېرت ئولتۇرغان ئورۇن- دۇقنىڭ كەينىدىكى تامغا ئورنىتىلغان تېلېفوننى ئالدى.

— جونسون ئائىلىسى… ھىم، ماگى، ھەئە مەن ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. پەيشەنبە كەچتىمۇ؟ — فرانسىسكا ھېساب- لىدى، روبېرت ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بىر ھەپتە تۇرىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كەلدى، بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبە، بۇ قېتىم يالغان ئېيتىش نىيىتىگە كەلمەك ئۇنىڭغا ئاسان چۈشتى.

فرانسىسكا بىر قولىدا تېلېفون، ئايۋانغا تۇتاشقان ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى. روبېرت فرانسىسكانىڭ قولى يەتكۈدەك يەردە

كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى ئۆزىچە روبېرتنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدى. بەزى ئاياللار ئامراق بولۇپ قالغان ئادىمىگە پات - پات مۇشۇنداق بېشارەت بېرەتتى. بىر سوتكا بولماي تۇرۇپ روبېرت كىنكاي فرانسىسكانىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى.

— ھە، ماگى، ئۇ كۈنى ۋاقتىم چىقمايدۇ. نەرسە - كېرەك ئالغىلى دېس موينېسقا بارىمەن. بىر پاتمان ئىشلىرىم تۇرىدۇ. بۇ بەك ياخشى پۇرسەت. خەۋىرىڭىزدە بار، رىچارد باللارنى ئېلىپ سىرتقا كەتكەن.

فرانسىسكا قولىنى روبېرتنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل قويدى. ئۇ روبېرتنىڭ بويىنىدىن يەلكىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تومۇرلاردا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قاننىڭ تەپتىنى سېزىپ تۇراتتى. روبېرتنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يېپيېپ رەتلىك تارالغان ئاپئاق چاچلىرىغا قارىدى. ماگى تېلېفوندا توختىماي ۋاتىلدايتتى.

— ھەئە، شۇنداق، رىچاردتىن بايا تېلېفون كەلدى... ياق، ئەتە، چارشەنبە كۈنى باھالاش بولىدىكەن. رىچاردنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار جۈمە كۈنى بەك كەچ قايتىپ كېلىدىكەن. پەيشەنبە كۈنى يەنە ئۇنى - بۇنى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ. قايتاشىدا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ماشىنا ھەيدەيدۇ، مال - ۋاران توشۇيدىغان ھېلىقى ماشىنىنى... ياق، زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ۋەي، ۋەي، مىنىڭ شۇنداق دېدى.

فرانسىسكا كۆڭلىكىنىڭ سىرتىدىن روبېرتنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ئوتلۇق ھارارەتنى ھېس قىلدى. بۇ ھارارەت قولى ئارقىلىق بىلىكىگە ئۆتۈپ، ئاندىن پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا تاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا قىلچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئويى يوق ئىدى. روبېرت ماگىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغۇدەك ھېچقانداق تىۋىش چىقارغۇسى كەلمەي، ئورۇندۇقتا مىدىرلىماي تۇز ئولتۇراتتى،

فرانسىسكا كۆڭلىدە بۇنى بىلىپ تۇردى.

— ھەئە، ئۇ ئادەم يول سوراپ كەپتۇ، — فرانسىسكا فرويد كراك ئۆيىگە بېرىپلا تۇنۇگۈن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ جونسوننىڭ ھويلىسىدا تۇرغان يېشىل رەڭلىك ماشىنىنى كۆرگەنلىكىنى خوتۇنىغا دەپتۇ، دەپ پەرەز قىلدى.

— فوتوگرافمىكەن؟ بىلمەيمەن، دىققەت قىلماپتىمەن. شۇنداقتۇر بەلكىم، — فرانسىسكاغا يالغان ئېيتىش بارغانسېرى ئاسانغا چۈشتى.

— ئۇ روسمان كۆۋرۈكىنى ئىزدەمدىكەن... شۇنداقمۇ؟ كونىراپ كەتكەن ئاشۇ كۆۋرۈكنى سۈرەتكە تارتامدىكەن - ھە؟ ياخشىغۇ، بۇ كاشىلا قىلمايدۇ.

— شىپىش؟ — فرانسىسكا كىنكايغا قاراپ بېشىنى چايقاپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، — ھىم، شىپىشنىڭ قانداقلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. ئۇ ئادەم تولىمۇ قائىدە - يوسۇنلۇق ئىكەن، بىر - ئىككى مىنۇت تۇرۇپلا كېتىپ قالدى. ئىتالىيىدە شىپىش بارمۇ، يوق، بىلمەيمەن. ماگى، مېنىڭ ئىتالىيىگە بارمىغىنىمغا سەككىز يىل بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بايا دېدىم، كۆرگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ شىپىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېتىشىم ناتايىن.

ماگى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەركىنلىك، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە ئائىت كىتابلارنى نەدە ئوقۇغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

— ماگى، سىزدىن تېلېفون كەلگەندە مەن يۇيۇنۇۋالاي دەپ تۇراتتىم. سۇ مۇزلاپ قالمىسۇن. بولىدۇ، سىزگە تېلېفون بېرىمەن. خوش ئەمىسە.

فرانسىسكانىڭ قولىنى روبېرتنىڭ مۇرىسىدىن ئالغۇسى يوق ئىدى. قولىنى ئالماسلىقىمۇ باھانە كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇ رادىئونىڭ يېنىغا بېرىپ رادىئونى ئاچتى. رادىئودا يەنىلا سەھرا

مۇزىكىلىرى بېرىلىۋاتاتتى. ئۇ رادىئونى بۇراپ چوڭ مۇزىكا ئەترىتى ئورۇندىغان مۇزىكىلار بېرىلىۋاتقان دولقۇنىغا توفرىلىدى.

— تاكلىن، — دېدى روبېرت.

— نېمە؟

— بۇ ئارگېنتىنالىق بىر ئايال ھەققىدىكى ناخشا، ئىسمى تاكلىن، — ئۇ قىلىدىغان گەپ تاپالماي شۇنداق دېدى. ھېسسىياتىنى بېسىش ئۈچۈن ۋاقىتنى كەينىگە تارتىپ نېمىلا دېسە بولاتتى. ئۇ روبېرتنىڭ ئۇنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پۈكۈپ قويغانلىقىنى سەزدى.

فرانسىسكا يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ:

— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ كەچلىك تاماقنى تەييار قىلىپ قويغانىدىم. قاچانلا يېسىڭىز مەيلى، — دېدى.

— بۈگۈن بىر كۈن بەك كۆڭۈللۈك، بەك ئەھمىيەتلىك ئۆتتى. تاماقتىن ئاۋۋال بىر ئىستاكان پىۋا ئىچكۈم بار. بىللە ئىچىشىپ بېرەمسىز؟ — دېدى روبېرت دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. روبېرت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن تۇتۇۋالالمايتتى.

فرانسىسكا بىر ئىستاكان پىۋا ئىچىشكە كۆندى. روبېرت ئىككى بوتۇلكا پىۋىنى ئېچىپ بىر بوتۇلكىسىنى فرانسىسكانىڭ يېنىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

فرانسىسكا ئۆزىنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن ۋە تۇيغۇسىدىن تولىمۇ رازى ئىدى. ئۇ كۆڭلىكى تىزىنىڭ ئۈستىدە، ئاشخانىدىكى ئورۇندۇقتا پۇتىنى ئالماپ ئولتۇراتتى، روبېرت مۇزلاتقۇغا يۆلىنىپ بىلەكلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا «بوردىئوس» ماركىلىق پىۋا بار ئىدى. روبېرتنىڭ پۇتلىرىغا دىققەت قىلغانلىقىدىن فرانسىسكا خۇش ئىدى. روبېرت ئۇنىڭ پۇتلىرىغا راستتىنلا سەپسېلىپ تۇراتتى.

روبېرت فرانسىسكانىڭ باشتىن - ئايىغىغىچە دىققەت قىلى-
غانىدى. ئەقىل - ئىدراك روبېرتقا: «ھەممىنى تاشلا، رو-
بېرت. ئۆز يولۇڭغا ماڭ. ھېلىقى كۆۋرۈكلەرنى سۈرەتكە تارت.
ھىندىستانغا بار، يولدا بانكوكقا چۈشۈپ ئۆت. ھېلىقى گەزمال-
چىنىڭ قىزىنى تاپ. ئۇ كىشىنى بىھوش قىلىدىغان قەدىمكى
مەخپىي رېتسېپلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئورمانلىقتىكى كۆلچەككە بېرىپ يالىڭاياغ سۇغا چۈش. ئۇنى
پۇخادىن چىققۇچە ئوينا، ئىنچىكە ئاۋازىنى ئاڭلا. بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى تاشلا! — دەپ توۋلاۋاتاتتى... بۇ ئاۋاز ئەمدى بو-
غۇق ئاۋازغا ئايلاندى، — سەن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن.»

شۇ چاغدا رادىئودا تانگو مۇزىكىسى باشلاندى، ئۇ بۇ مۇزى-
كىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلەردە گارمون بىلەن ئورۇندىلىۋات-
قانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى. بىر بولسا تالاي يىللار ئىلگى-
رى، بىر بولسا تالاي يىللار كېيىن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما
ئۇ بۇنى جەزملەشتۈرەلمەيتتى. لېكىن، يېقىملىق تانسا مۇزىكى-
سى ئاستا - ئاستا ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى. مۇزىكا
ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش مىزانىنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتتى. مۇ-
زىكا ئۇنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭدا فرانسىسكا جون-
سونغا يېقىنلىششتىن باشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت قويمىدى.

— ناۋادا خالىسىڭىز تانسا ئوينىساق، بۇ بولىدىغان مۇزىكا
ئىكەن، — روبېرت بۇ گەپنى سەممىيلىك ھەم ئوڭايسىزلانغان
ھالەتتە دېدى. ئارقىدىنلا ئۆزىگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، مۇن-
داق دەپ قوشۇپ قويدى، — مەن تانسىنى ياخشى بىلمەيمەن،
خالىسىڭىز ئاشخانىدا ئوينىساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

فرانسىسكا بىلىنەر - بىلىنمەس «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى.

— ماقۇل، مەنمۇ ياخشى ئويناپالمايمەن... تانسىدىن چىد-
قىپ قاپتىمەن. قىز ۋاقتىمدا ئىتالىيىدە داۋاملىق ئويناپتتىم.
ھازىر يېگى يىلدا كۆپرەك ئوينايمەن. ئادەتتە بىرە - بىرە

ئويناپ قويمەن.

روبېرت كولۇپ پۈتۈنى ئۇستەل ئۇستىگە قويدى. فرانسىسكا ئورنىدىن تۇردى، ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ ئاستا سىلجىدى. «چىكاگو رادىئو ئىستانسىسى، هازىر سەيشەنبىلىك تانسا نومۇرى ۋاقتى، — دەپ نومۇرلارنى ئېلان قىلدى ئوتتۇرا ئاۋازلىق ئەر دىكتور، — » ئېلاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرىمىز. »

ئىككىلىسى كولۇپ قويدى. رېئاللىق ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى.

روبېرت قولىنى سوزۇپ فرانسىسكانىڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئالدى. ئۇ ئۇستەلگە بىمالال يۆلىنىپ، پۇتلىرىنى ئالماپ تۇراتتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ يېنىدىكى ئۇستەلنىڭ قېشىدىكى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى، قولىنىڭ روبېرتنىڭ ئىنچىكە قوللىرىدا ئىكەنلىكىنى شۇئان ھېس قىلدى. تالادا شامالدىن ئەسەر يوق، ئەتراپ تىمتاس ئىدى.

— توختاڭا، — فرانسىسكا خالىمىغان ھالدا روبېرتنىڭ قولىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ، ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدىن ئىككى تال ئاق شام ئالدى. ئۇ بۇ شاملارنى ۋە باشقا ئىككى تال مىس شامداننى شۇ كۈنى ئەتىگەندە دېس موينېستىن ئەكەلگەندى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئۇستەلگە قويدى.

روبېرت ئۇستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ شاملارنى قىيپاش تۇتۇپ كەينى - كەينىدىن ياندۇردى. فرانسىسكا چىراغنى ئۆچۈردى، ئەمدى ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. ئىككى تال شام شامالسىز كېچىدە لەپىلدىمەي يېنىپ تۇراتتى. ئاددي بۇ ئاشخانا كۆزگە ھېچقاچان بۇنداق ئىسسىق كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى.

مۇزىكا يەنە باشلاندى. بۇ دەل ئىككىسى ياخشى كۆرىدىغان رىتىمى ئاستا «كۆز ياپراقلىرى» ناملىق مۇزىكا ئىدى.

فرانسىسكا سەل خىجىللىق ئىچىدە قالدى، روبېرتمۇ شۇن-

ـداق هالەتتە ئىدى. روبېرت ئۇنىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى بېلىگە قويدى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ قۇچىقىغا كىرىپلا كەتتى، خىجىللىق نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. نېمىشـ-قىدۇر ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. روبېرت فرانـ-سىسكانى بېلىدىن تۇتۇپ ئالدىغىراق تارتىپ تېخىمۇ چىڭ قۇ-چاقلىدى.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ تېنىدىن پاكىز ھەم ئىسسىق تەر ھىدىنى پۇرىدى. بۇ مەدەنىي كىشىنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان پۇراق ئىدى، ئەپسۇس ئۆزى سەھرالىق ئىدى.

— ئەتىر بەك پۇراقلىق ئىكەن، — دېدى روبېرت ئۇنىڭ قولىنى مەيدىسىنىڭ سول تەرىپىگە بېسىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت.

ئۇلار ئورنىدىن قوزغالماي دېگەندەك ئاستا تانسا ئويناۋاتات-تى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ پۇتىنىڭ تىزىغا تېگىپ تۇرغانلىقىـ-نى سېزىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى بەزىدە تېگىپمۇ كېتەتتى.

مۇزىكا تۈگىدى. روبېرت فرانسىسكانى قويۇۋەتمەي يەنە بىر مۇزىكا باشلانغۇچە بايامقى مۇزىكىغا ئىسقىرتىپ تۇرۇۋەر-دى. يېڭى مۇزىكا باشلانغاندا روبېرت ئىختىيارسىز فرانسىسكا بىلەن مۇزىكىغا ئەگىشىپ يەنە تانسا ئوينىدى. ئۇلار مۇشۇ تەقلىدتە تانسىنى خېلى بىر ھازاغىچە توختاتمىدى. تالادا سېنتەـ-بىرنىڭ كىرگەنلىكىدىن خۇرسىنىپ تومۇزغىلار ھەدەپ چىرىلـ-دايتتى.

فرانسىسكا نېپىز كۆڭلەك سىرتىدىن روبېرتنىڭ يەلكىسىـ-دىكى ساغلام مۇسكۇللىرىنى ھېس قىلالايتتى. فرانسىسكانىڭ نەزىرىدە روبېرت ئۇ بىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ ھەقىقىي ئىدى. روبېرت بىلىنەر - بىلىنمەس ئېگىشىپ، يۈزىنى فرانـ-سىسكانىڭ يۈزىگە ياقتى.

تۇنۇگۇن سەيلە قىلىۋېتىپ روبېرت ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىچى ئىكەنلىكىنى دېگەن، شۇ چاغدا ئىككىنچىسى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ يېنىدىكى چىلىملىقتا ئولتۇرغانىدى. فرانسىسكا چۈشەنمەي، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭدىن سورىغاندا، روبېرت ئۇنىڭغا:

— ئادەملەرنىڭ بىر خىلى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ياكى شۇنداقراق بىر تۈرگە كىرىدۇ. دۇنيا مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ. دۇنيا مەن ياكى بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنچە مۇكەممەللىشىپ كەتتى. ھەممە شەيئىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدۇ. راست، مەن ئاپپاراتىمنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى مۇكەممەل ئەسۋاب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن، مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم بۇ ئىش ئەمەس. قائىدە – تۈزۈم، قانۇن، ئىجتىمائىي ئادەت. مەن دەرىجە تۈزۈمى قاتتىق بولغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرى كونترول قىلىنغان دائىرە، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان، خام چوت قاتارلىقلارنى دەۋاتىمەن. بىز شىركەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا، «بوردې» ماركىلىق پىۋىغا ئىشىنىمىز. نەگىلا بارساق، پەشلىرىگە ئىسىم كارتۇشكىسى چاپلانغان پۇرلەش كىيىم – كېچەكلەرنى كۆرىمىز.

ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان راھەتلىك دۇنيادا خۇددى سۇغا يېتىشكەن بېلىقتەك نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، بەزىلەر، ماڭا ئوخشاش ئاز ساندىكى كىشىلەر يارىماي قالىمىز. بىز ئېلېكترونلۇق مېڭە، ماشىنا ئادەملەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراڭ. كونا دۇنيادا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىز قىلىپ كەلگەن. بۈگۈن ئۇلار بىز ئۇنچۇن لايىھىلەندى. بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلگەن ئىش باشقىلارنىڭ ۋە ماشىنىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇ چاغدا بىز بەك تېز يۈگۈرەيتتۇق، قاۋۇل ھەم چاققان، جۇرئەتلىك، جاپاغا چىدامىلىق ئىدۇق، ھېچنېمىدىن قورقمايتتۇق،

يىراقتا نەيزە ئاتالايتتۇق، يەكمۇ يەك ئېلىشالايتتۇق.

ئاخىر ھەممە نەرسىگە ئېلېكترون مېڭە بىلەن ماشىنا ئادەم ھۆكۈمران بولدى. ماشىنا ـ ئۇسكۇنىلەرنى ئىنسانلار ئىشلىتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا غەيرەت، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە مەن بايا دېگەن ھەرقانداق ئالاھىدە سۈپەتلەر كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ئۇلار يارىماس بولۇپ قالدى، ئەۋلاد قالدۇرۇشقىلا يارايدۇ. بۇ ھال ھازىر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كارغا كەلمەيدىغان ئاشنا دېيىشىدۇ، شۇڭا ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىغا ئىلىم ـ پەننى قويۇشنىڭ كۆپ زىيىنى يوق دەپ قارايدۇ.

بىز ئۆزىمىز خىزمەت قىلىۋاتقان زېمىندىن ۋاز كېچىپ، تەشكىللىنىپ ياسالمىلىق قىلىۋاتىمىز. ئۇنۇم، پايدا ھەم خىلمۇ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئويلاپ تېپىۋاتىمىز. ئەركىن خىزمەت قىلىدىغان زېمىننىڭ يوقىلىشى بىلەن پادىچىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تاغدىن شىر ۋە يوغان كۆل رەڭ بۆرىلەرمۇ يوقاپ كېتىدۇ، ساياھەتچىلەرگە جىق يەر قالمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى پادىچىنىڭ بىرى مەن. كەسپىم ماڭا ئەركىن خىزمەت قىلىدىغان مەلۇم زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەڭ چوڭ زېمىن مۇشۇ. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلەنمەي، سەل پەرىشان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن، بۇ كۈن چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئۆزىمىزنى ۋەيران قىلىشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىردىنبىر يول مۇشۇ بولسا كېرەك. مېنىڭ ھۆكمىم مۇنداق: بۇ پلانېتىدىكى بارلىق ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ مەنبەسى ئەرلىك گورمون. بىر قەبىلىگە ياكى بىر ئەسكەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش باشقا ئىش، ۋودورود ياساشمۇ باشقا بىر ئىش. بۇ جەھەتتە رىۋېر كارسون توغرا قىلغان،

جونسون مېل بىلەن ئاۋردو رىئوپوردمو[1] توغرا قىلغان.

فرانسىسكا شۇنچە يىلدىن بېرى روبېرتنىڭ مۇشۇ كېيىن توغرۇلۇق ئويلىنىپ كېلىۋاتاتتى. قارىماققا ئۇنىڭ گەپلىرى توغرىدەك قىلاتتى. لېكىن تۇتقان يولى بىلەن گېپى قايچا كېلەتتى. ئۇ جاسارەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش روھىغا ئىگە ئىدى. ئەمما بۇ خىل روھنى كونترول قىلىدىغاندەك، ئۇنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشقا سالىدىغاندەك قىلاتتى. فرانسىسكانىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىدىغان ھەم سۆيۈندۈرىدىغان نەرسە دەل مۇشۇ ئىدى. روبېرتنىڭ كەسكىنلىكىدىن ئادەم ھەيران قالاتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى ئۆز لايىقىدا پۇختا ئىگىلەيتتى. ئۇنىڭ چاققان ھەم چەبدەسلىكىگە قوشۇلغان قىزغىنلىقى پەس ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىن خالىي ئىدى.

ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ئاشخانىدا تانسا ئويناۋېتىپ، بىر - بىرىگە ئاستا - ئاستا چاپلىشىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. روبېرتنىڭ مەيدىسىگە مەھكەم يېپىشىۋالغان فرانسىسكا كۆڭلىدە، روبېرت كىيىمىنىڭ سىرتىدىن كۆكسىلىرىمنى ھېس قىلغانمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ، ئارقىدىنلا چوقۇم ھېس قىلدى دەپ پەرەز قىلدى.

فرانسىسكا روبېرتنى ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم‌دەپ بىلەتتى ۋە بۇ مىنۇتلارنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

فرانسىسكا ئاتمىش ياشقا كىرگەن كۈنى دېرىزىدىن سىم - سىم يېغىۋاتقان كۈز يامغۇرىغا قاراپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ براندى ھارىقىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىردى - دە، ئەينى چاغدا ئىككىسى تۇرغان شۇ جايغا قاراپ قەدىمىنى توختاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇنداق بولاتتى. بۇ ناھايىتى كۈچلۈك

---

[1] بۇ ئۈچ كىشى مۇھىت قوغدىغۇچىلار.

ھېسسىيات ئىدى. ئۇ تالاي يىللاردىن بۇيان بۇ ئىشلارنى يىلدا بىر قېتىم ئىختىيارسىز ئەسلەپ ئۆتەتتى، بولمىسا ئۇنىڭ نىېر- ۋىلىرىنى يالغۇز مۇشۇ ھېسسىياتلا كاردىن چىقىرىۋەتكەن بولات- تى.

فرانسىسكا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇ ئىشلارنى ئەسلىمىسە بولا- تتى. بۇ ئۇنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشقا ئايلانغانىد- دى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر پات - پاتلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. روبېرتنى ئويلاشتىن ئامال بار ھەزەر ئەيلەپ كېلىۋاتقان فران- سىسكا ئەمدىلىكتە بولدى قىلدى. بۇ ئوبراز ناھايىتى ئېنىق، ھەقىقىي ئىدى ھەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يىراق ئۆتمۈشتە قالغان، يىگىرمە ئىككى يىل ئىل- گىرى بولغان ئىشلار ئىدى. لېكىن، ئەسلىمە ئۇنىڭ ئۈچۈن بارا - بارا رېئاللىققا ئايلانغانىدى. بۇ ئۇنى ياشاشقا رىغبەتلەندۈ- رىدىغان بىردىنبىر رېئاللىق ئىدى.

فرانسىسكا ئۆزىنىڭ ئاتمىش يەتتە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگەندە بۇ رېئاللىقنى ئاخىر قوبۇل قىلدى. ئۇ روبېرتنىڭ يەتمىش بەش ياشقا كىرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، خىيا- لىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايت- تى. ئۇچىسىدا ئاق كۆڭلەك، چاچلىرى ئاقارغان، كاجى ئىش- تان، قوڭۇر ساپما كەش كىيگەن، قولىغا كۇمۇش بىلەزۈك تاقىغان، بوينىغا كۇمۇش زەنجىر ئاسقان روبېرت مۇشۇ ئاشخانى- دا فرانسىسكانى چىڭ قۇچاقلىغانىدى.

فرانسىسكا ئاخىر روبېرتنىڭ قوينىدىن بوشىنىپ، ئۇنى قولىدىن تارتىپ پەلەمپەي تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. پەلەمپەيدىن چىقىپ، باشتا كارولىنىنىڭ، ئاندىن مىكنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆ- تۈپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە كارىۋات بېشىدىكى كىچىك چىراغنى ياندۇردى.

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى، مانا بۇگۈن فرانسىسكا قولىدا بىرانىدى، ئاستا ـ ئاستا پەلەمپەيگە چىقتى. ئۇ ئۇڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئەينى چاغدا روبېرتنى ئۆزى ئەگەشتۇرۇپ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرگەن كۆرۈنۈشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

كاللىسىغا نەقىشتەك چېكىلىپ كەتكەن بۇ جانلىق ئوبراز روبېرت تارتقان سۈرەتتەك ئېنىق ئىدى. كىيىملىرىنى چۈشىدىكىدەك تەرتىپ بويىچە سېلىشى، ئاندىن ئىككىسىنىڭ ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئورۇنغا كىرگەنلىكى، روبېرتنىڭ ئۈستىگە قانداق چىققانلىقى، مەيدىسىنى قورسىقىغا يېقىپ، ئاستا سۈرۈپ كۆكسىگە ئاپارغانلىقى ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. روبېرت بۇ ھەرىكەتنى خۇددى زوئولوگىيە دەرسلىكىگە يېزىلغان ھايۋانلارنىڭ جۈپلىشىش مۇراسىمىدەك تەكرار ـ تەكرار قىلدى. روبېرت ئۇنىڭ ئۈستىدە مەيدىسىنى سۈرۈش بىلەن بىللە لېۋىگە، قۇلاقلىرىغا سۆيگەن، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ قېلىن چاتقاللىقلىرىدىكى چىرايلىق يىلپىزغا ئوخشاش بوينىنى يالاپ كەتكەنىدى.

روبېرت ھايۋان، چىرايلىق ھەم قەيسەر ئەركەك ھايۋان ئىدى. ئىش ـ ھەرىكىتىدىن فرانسىسكانى ئەل قىلىۋالىدىغان ئويى يوقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنى پۈتۈنلەي ئەل قىلىۋالغانىدى. شۇ تاپتا فرانسىسكا دەل مۇشۇنىڭغا موھتاج ئىدى.

مۇھەببەت مۇشۇ ئىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. روبېرتنىڭ ھېرىپ قالماي ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە بولۇشىمۇ مۇھەببەتنىڭ بىرقىسمى ئىدى. فرانسىسكا روبېرتنى مەنىۋى ياقتىن ياخشى كۆرەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەر مۇھەببەت توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ بۇ ئۇقۇمنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتتى.

ئۇلار بىرگە بولغاندا فرانسىسكا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بىر



www.uyghurkitap.com

ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلاپ، روبېرتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— روبېرت، سىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەنسىز. مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— روبېرت دېمىسىمۇ بەك كۈچلۈك ئىدى، ئەمما كۈچىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتەتتى.

بىرگە بولۇش باشقا بىر ئىش. فرانسىسكا روبېرتنى كۆر-گەندىن تارتىپ كۆڭلىدە قېلىپلىشىپ كەتكەن ئۇسۇلدىن قۇتۇ-لۇپ، بىر خىل خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ياكى شۇنداقراق ئېھتىماللىقنى سەزگەن، لېكىن روبېرتنىڭ بۇنداق كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

روبېرت فرانسىسكانىڭ تېنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالغاندەك قىلاتتى. كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان نەرسە دەل مۇشۇ ئىدى. فرانسىسكا دەسلەپتە ئىككىسى مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن، ھېچبولمىغاندا ۋۇجۇدىنىڭ روبېرت كىنكايدىن ئۇستۈن تۇرىدى-غان قىسمىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمىغانىدى، ۋۇ-جۇدىنىڭ بۇ قىسمى ئائىلىسىگە ۋە مادىزون ناھىيىسىگە تەئەللۇق ئىدى.

ئەمما، روبېرت فرانسىسكانىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ نەرسىنىمۇ ئېلىپ كەتتى، ھەممىنى ئېلىپ كەتتى، فرانسىسكا مۇشۇنداق بولۇشنى روبېرت ماشىنىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭدىن يول سورى-غان چاغدىلا بىلگەنىدى. شۇ چاغدا روبېرت شامان دىنىدىكى باخشىغا ئوخشايتتى. فرانسىسكانىڭ باشتىكى ھۆكمى توغرا چىقتى.

ئۇلار بىرەر سائەت، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق بىرگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا روبېرت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. فرانسىسكاغىمۇ بىر تال تۇتاشتۇرۇپ بەردى. روبېرت بىر قولى بىلەن ھەدەپ فرانسىسكانىڭ بەدىنىنى سىلاپ ئۇنىڭ يېنىدا ياتاتتى، تۇرۇپ ئۇنىڭ جىسمىغا سىڭىپ

كەتكەندەك بولاتتى. بىر ياقتىن ئۇنى قۇچاقلاپ، قولاق تۈۋىدە مۇھەببەتلىك تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ پىچىرلايتتى، ئارىلاپ سۆ- يۈپ قوياتتى، بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە چىڭ تارتاتتى، ھەر ئىككى- لىسى بىر - بىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشات- تى.

ھاسىراپ كەتكەن فرانسىسكانىڭ خىيال قۇشى قاناتلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارىنى روبېرتنىڭ ئۆزى ياشايدىغان جايغا باش- لاپ بېرىشىغا تاشلاپ بەردى. لېكىن، روبېرت ئەرۋاھلار تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ يوقاپ كېتىدىغان، دارۋىننىڭ تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى تەلىماتىدىن كۆپ ئىلگىرىكى غەلىتە زاماندا ياشايتتى.

فرانسىسكا بېشىنى روبېرتنىڭ قولتۇقى ئاستىغا تىقىپ، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ ياتاتتى. ئۇ دەريالارنىڭ، ئورمانلاردى- كى گۈلخانلارنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك، ئۇزاق، تولىمۇ ئۇزاق زامانلار ئاۋۋالقى قىش كېچىسىدە ھورلىرىنى پۇرقىرىتىپ ۋوگ- زالدىن چىقىپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، مۇز تۇتقان دەريالارنى بويلاپ، يايلاقلارنى كېسىپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە قاراپ كېتى- ۋاتقان قارا لىباسلىق سەييارىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ھېلىقى يىلپىز كەينى - كەينىدىن فرانسىسكاغا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كې- تەتتى، ئوتلاقتا توختىماي چىقىۋاتقان شامال ئۇنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ ئۆتكەندەك، ئۇ بولسا روبېرتنىڭ ئاستىدا بۇتخانىغا تەقدىم قىلىنغان، مۇشۇ شامالدا ئاشۇ كۆركەم ۋە ئىنائەتمەن مۇقەددەس ئوتقا تەلپۈنۈپ، پانىي ئالەمنى ئۇنتۇپ يېقىملىق كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلىۋاتقان قىزدەك تولغىنات- تى.

فرانسىسكا دىمىنى چىقارماي پەس ئاۋازدا:

— روبېرت، روبېرت، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي-

ۋاتىمەن، — دېدى دۇدۇقلاپ.

ھاۋايى – ھەۋەسنىڭ لەززىتىدىن خېلى بۇرۇنلا مەھرۇم بولغان فرانسىسكا ئەمدىلىكتە يېرىمى ئادەم، يېرىمى باشقا بىر جانلىق بىلەن ئۆزۈن ۋاقىت ئىشرەت قىلدى. ئۇ بۇ ئادەمدىن ۋە ئۇنىڭ سەۋرچانلىقىدىن گاڭگىراپ قالدى. روبېرت ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ياقتىن كۈتكەن مەقسىتىگە ئوخ-شاشلا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى، ھاياجانلىنىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ئېيتتى.

فرانسىسكا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى. ئۇ روبېرتنىڭ قەيەرلەردىندۇر بىر تال ئارغامچا تېپىپ كېلىپ ئۆزىنى ھەم ئۇنى مەھكەم باغلاپ ئۆزىگە بەند قىلىۋالغانلىقىنى بىلەتتى. ناۋادا فرانسىسكانىڭ ۋۇجۇدىدا پەلەكتىن ھالقىغان ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئۇرغىمىغان بولسا ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولاتتى. قاپقاراڭغۇ كېچە، ئەۋجىگە چىققان ئۇلۇغ ئۇسۇل داۋام قىلماقتا. روبېرت كىنكاي ھاۋايى – ھەۋەس ئاتـا قىلـغان تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئومۇمىي مەنزىرە، ئاۋاز ۋە سايە بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان قىياپەتكە قايتقانىدى.

روبېرتقا فرانسىسكانىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ قىلغان گەپلىرى ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئەمەستەك، بەلكى لىرىكنىڭ[1]: «مەن قەدىمكى مۇنارنىڭ ئەتراپىدا... نەچچە مىڭ يىل ئايلاندىم» دېگەن مىسرالىرىنى، يەنە ئىندىئان ۋاخ قەبىلىسىنىڭ قۇياش قەسىدە-سىدىكى ئۇزۇندىلەرنى باشقا بىرى دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ فرانسىسكاغا ئۇنىڭ ئۆزىنى ھاۋادا قۇم ئۇچۇۋاتقان، قىزىل قۇيۇنتاز چىقىۋاتقان، ساقا ئۆردەكنىڭ قۇندۇزغا مىنىپ ئافرىقا دېڭىز بويلىرىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ كېتىۋاتقان تۇرلۇك خىد-

---

[1] لىرىك —(1875 — 1926) گېرمان پۇشتىدىن بولغان مەشھۇر ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى.

يالغۇز مەنزىرىلەر قويىنىغا باشلاپ كىرگەنلىكىنى دېدى.

فرانسىسكا روبېرتقا چىلىك چاپلىشىپ ياتقاندا ئاغزىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىپ كەتتى، بۇ ئىنچىكە ئاۋازدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى، لېكىن روبېرت پۈتۈنلەي چۈشەنگەنىدى. ئۇ دەل مۇشۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى ئۇزۇن يىل ئىزدىگەن نەرسىنى ئاخىر تاپقانىدى.

روبېرت ئاخىر ھەممىنى چۈشەنگەن، قۇملۇق دەشت - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتكەن قەدەملىرىدىن قالغان ئىنچىكە ئاياغ ئىزلىرىدىن، ياكورى كۆتۈرۈلمىگەن پاراخوتقا قاچىلانغان سىرلىق يەشىكلەردىن ۋە پەردە كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان گۇگۇم قويىنىدىكى شەھەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدىن ھەممە نەرسىنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەنگەنىدى. روبېرت خۇددى يىراقتىن كېلىۋېتىپ ئۆيىدىن كۆتۈرۈلگەن گۈلخاننىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ يالغۇزلۇقنى ئۇنتۇغان ئوۋچى بوۋايغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاخىر، ئاخىر... ئۇ شۇنچە يىراق يەرنى بېسىپ، شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىچ - ئىچىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادىمى بىلەن بىللە يېتىپ، ئەستىن زادى چىقمايدىغان مۇھەببەتنىڭ پەيزىگە چۆمۈلگەنىدى.

تاڭ ئاتقاندا روبېرت ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ فرانسىسكانىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە:

— مېنىڭ شۇ تاپتا بۇ پلانېتىغا كېلىشىم دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن، فرانسىسكا. مەن سەيياھ فوتوگراف بولغىلى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئۈچۈن كەلگەنمەن، بۇنى ھازىر چۈشەندىم. مەن ئېگىز يارنىڭ خاسىيەتلىك گىرۋىكىدىن يىقىلىپ چۈشكەندىم. بۇنىڭغا تولىمۇ ئۇزۇن بولغان. بۇ مېنىڭ ھايات مۇساپەم بېسىپ ئۆتكەن ۋاقىتتىنمۇ كۆپ ئۇزۇن. مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزگە قاراپ كەپتىمەن، — دېدى.

ئۇلار ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكەندە رادىئو تېخى ئوچۇق ئىدى. تاڭ ئېتىپ كەتكەن، لېكىن كۈن نېپىز بىر قەۋەت بۇلۇتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى.

— فرانسىسكا، ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى روبېرت كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ چاغدا فرانسىسكا قەھۋە تەييارلاش بىلەن پايپېتەك ئىدى.

— نېمە ئىش ئۇ؟ — دېدى فرانسىسكا روبېرتقا قاراپ. توۋا، ئۇنى نېمانچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن، دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، روبېرتنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان تۇرى بار ئىدى.

— ئاخشامقى پادىچى ئىشتىنىڭىز بىلەن ياقىسى يۇمىلاق كوپتىڭىزنى، ساپما كەشىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، بۈگۈن ئەتىگەن مۇشۇ تۇرقىڭىزنى سۈرەتكە تارتىۋالاي. بىر پارچىسى سىزدە، يەنە بىر پارچىسى مەندە قالىدۇ.

فرانسىسكا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى، روبېرتنى كېچىچە چىرماپ ياتقاچقا، پۈتلىرى سەل تىترەپ تۇراتتى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ روبېرت بىلەن فېرمىغا كەلدى. روبېرت فېرمىدا تارتقان ئاشۇ سۈرەتنى فرانسىسكا ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىپ كۆرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى

## چوڭ يول ۋە يىراق-
## تىن كەلگەن مېھمان

روبېرت كىنكاي سۈرەت تارتىشنى بىر نەچچە كۈن تاشلى-
ۋەتتى. فرانسىسكامۇ زۆرۈر ئەمگەكنى ئەڭ تۆۋەن چەككە قىس-
قارتىپ، فېرمىنىڭ تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچتى. ئىككىسى ۋاقتى-
نى دائىم بىللە ئۆتكۈزەتتى، تاتلىق پاراڭلارنى قىلىشاتتى، يا
بولمىسا ئىشق - مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كېچىلىرى بىللە
بولاتتى. روبېرت فرانسىسكانىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇنىڭغا ئىك-
كى قېتىم گىتار چېلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئوتتۇرا ئاۋاز
ئىدى، دىگەندەك تەبىئىي چىقمايتتى. روبېرت فرانسىسكانىڭ
بىرىنچى تاماشىبىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان
فرانسىسكا روبېرتنى كۆلۈپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى. ئاندىن
ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ، تاتلىق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمگىنىد-
چە روبېرتنىڭ كىت ئوۋلايدىغان پاراخوت ۋە قوملۇقتىكى شامال
توغرىسىدا ئېيتقان ناخشىلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىدى.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ ماشىنىسىدا سۈرەتلەرنى يوچتىدىن
نيۇ يوركقا ئەۋەتىۋەتكىلى ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېس موينېسقا
باردى. ئىمكانىيەت بولسىلا، روبېرت بىرىنچى تۇركۇمدىكى
نېگاتىپلارنى ئاۋۋال ئەۋەتىۋېتەتتى. بۇنىڭدا تەھرىر بۆلۈمى ئۇ-
نىڭ خىزمەت نىشانىنى بىلەلەيتتى، تېخنىك خادىملارمۇ ئالدى
بىلەن ئاپپاراتنى نورمال ئىشلەۋاتامدۇ، يوق، تەكشۈرەلەيتتى.
روبېرت فرانسىسكانى چۇشلۇك تاماققا كاتتا بىر رېستورانغا
ئاپاردى. تاماق ئۈستىلىدە مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان كۆزلى-

ـرىنى فرانسىسكانىڭ كۆزلىرىدىن ئالماي ئولتۇردى. كۇتكۈچى كۆڭلىدە كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ ئۇلارغا قاراپ كۇلۇپ قويدى.

ئۆزىنىڭ لەززەتلىك كۇنلىرىنىڭ ئۆتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرۇقلۇق روبېرت كىنكاينىڭ غېمىدە يوق يۇرگەنلىكىگە فرانسىسكانىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. روبېرت ئاشۇ پادىچىلارنىڭ ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ، جۇملىدىن ئۆزىنىڭمۇ قەدەممۇ قەدەم ھالاكەتكە يۇزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ نىمە ئۇچۇن، مەن ئۆزگىرىپ كەتكەن تۇرلەرنىڭ بىر تارمىقىنىڭ بېشىدا، خالتا كوچىدا تۇرۇۋاتىمەن دېگەنلىكىنى ئەمدى چۇشەنگەنىدى.

ئۇلار پەيشەنبە كۇنى چۇشتىن كېيىن بىرگە بولۇپ، ئاندىن پاراڭغا چۇشۇپ كەتتى. بۇ پاراڭنىڭ ھامان بولىدىغانلىقى ھەر ئىككىلىسىگە ئايان ئىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — روبېرت سورىدى.

فرانسىسكا ئۇندىمىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئىنتايىن زىددىيەتلىك سۇكۇتكە چۆمگەنىدى.

ئۇ يېقىملىق ئاۋازدا:

— بىلمەيمەن، — دېدى.

— مۇنداق قىلايلى، سىز ئۇنىسىڭىز، مەن مۇشۇ يەردە ياكى شەھەردە تۇرۇۋېرىمەن، ماڭا نە بولسۇن بەربىر. ئۆيىدىكىلەر قايتىپ كەلگەندە ئېرىڭىز بىلەن سۆزلىشىپ، ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭغا دەيمەن. بۇ ئاسان ئەمەس، ئەمما قولۇمدىن كېلىدۇ.

فرانسىسكا بېشىنى چايقاپ:

— رىچارد ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ ئىشنى بۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇ قانداقتۇر، سېھرىي كۇچ، قايناق ھېسسىيات

www.uyghurkitap.com

ۋە بىز دېيىشكەن ھەم باشتىن كەچۈرگەن ھەممە نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ناچار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بىراق، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئالغان تەسىراتى ياكى ئويلىغانلىرىدىن تولىمۇ يىراق. ئۇ بۇنداق ئىشلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە بىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكارغا كېتەمدۇ؟ — دېدى روبېرت جىددىي تەرىزدە.

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. روبېرت. راستىنى ئېيتقاندا، سىز ماڭا ئىگە بولدىڭىز. مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويمايتتىم ھەم موھتاجمۇ ئەمەس ئىدىم. سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، ئىش بۇ يەرگە يېتىپ قالدى، مەن شۇ تاپتا چىملىقتا يېنىڭىزدا ئەمەس، بەلكى قەلبىڭىزدە ئولتۇرۇۋاتىمەن، مەن سىزگە مەنسۇپ، قۇلىڭىز بولۇشقا رازىمەن.

روبېرت جاۋابەن شۇنداق دېدى:

— مەن سىزنىڭ قەلبىمدە ياكى مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ياكى سىزگە ئىگە بولدۇم دەپ ئېيتالمايمەن. قىسقىسى، سىزگە ئىگە بولغۇم يوق. ئىككىمىزنى باشقا بىر ھاياتلىقنىڭ ئىچىدە دەپ ئويلايمەن. بۇنى ئىككىمىز ئىجاد قىلغان، ئۇنى «بىز» دەپ ئاتايمىز.

ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇ ھاياتلىقتا بولمىساق چوقۇم بۇ ھاياتلىقتا. بىز ئۆزىمىزنى يوقىتىپ باشقا بىر نەرسىنى ئىجاد قىلدۇق. بۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. توۋا، بىز مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز، كىشىلىك دۇنيادا مۇھەببەت قانچىلىك چوڭقۇر بولسا، سۆيۈشمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر بولىدىكەن.

مەن بىلەن بىللە جاھان كېزىڭ. فرانسىسكا! بۇنىڭدا گەپ يوق. بىز بىپايان قۇملۇق دۆۋىلىرىدە بىرگە بولىمىز. مۇنبارسا

بالكونىدا بىراندى ئىچىمىز. تاڭ شامىلىدا يولغا چىققان يەلكەنلىك ئەرەب كېمىلىرىگە نەزەر تاشلايمىز. مەن سىزنى شىر دۆلىتىگە، بومباي قولتۇقىدىكى فرانسۇز ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قەدىمىي شەھەرگە باشلاپ بارىمەن. ئۇ يەردىكى بىنانىڭ ئۆگزىسىدە ئاجايىپ بىر ئاشخانا بار. پويىز تونېل ئارقىلىق تاغلارنى تېشىپ ئۆتىدۇ. بىلنوس تېغىغا جايلاشقان باسكىلارنىڭ ئاشخانىسىنى كۆرىسىز. ھىندىستاندا يولۋاس ئۇچۇن ساقلىنىپ قالغان بىر پارچە يەر بار. ئۇ يەر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. سىز سەپەر تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرمىسىڭىز، مەن باشقا بىر يەرنى تېپىپ دۇكان ئاچىمەن. شۇ يەرنىڭ مەنزىرىلىرىنى، ھەيكەللەرنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ ياكى تۇرمۇشىمىزنى قامدىغىلى بولىدىغان بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىمىز.

— روبېرت، ئاخشام بىللە ياتقاندا سىزنىڭ قىلغان گەپلىرىڭىز ھېلىمۇ يادىمدا. مەن توختىماي قۇلىقىڭىزغا سىز نېمانداق كۈچلۈك، توۋا، سىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەنسىز، دېدىم. سىز ماڭا، مەن دېگەن چوڭ يول، مەن يىراقتىن كەلگەن مېھمان، مەن دېڭىزغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان كېمە، دېدىڭىز. توغرا دەپسىز ھەم شۇنداق ھېس قىپسىز، سىز ھېس قىلغان چوڭ يول سىزنىڭ قەلبىڭىزدە، ياق، يالغۇز بۇلا ئەمەس. بۇنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلىدىمۇ، يوق، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سىز چوڭ يول. سىزنىڭ ماكانىڭىز خام خىيال بىلەن رېئاللىق ئۇچراشقان قىسىلچاقتا، تاشيولدا. چوڭ يول دېمەك سىز دېمەك.

سىز دېگەن ھېلىقى كونا سومكا، «ھاررى» ناملىق ھېلىقى ماشىنا، ئاسىياغا قاراپ ئۇچقان رېئاكتىپ ئايروپىلان. سىزنىڭ شۇنداق بولۇشىڭىزنى مەنمۇ خالايمەن. ناۋادا سىزنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تۇرىڭىز سىز دېگەندەك خالتا كوچا

www.uyghurkitap.com

بولسا، ئۇنداقتا مەنمۇ سىزنى پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرىمەن. لېكىن، مەن بىلەن بىللە بولسىڭىز ئۇنداق قىلالمايسىز. سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، بىر مىنۇت كۆرمىسەم چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز. بۇنداق قىلىش سىزدەك ياۋايى، تەڭدىشى يوق چىرايلىق ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر، شۇنىڭ بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتىڭىزمۇ تۈگەيدۇ.

روبېرت گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، گېپىنى فرانسىسكا تارتىۋالدى.

— روبېرت، مېنىڭ گېپىم تېخى تۈگىمىدى. مېنى قۇچاقلىغان پېتى ئاپىرىپ ماشىنىڭىزغا سېلىپ مەجبۇرىي ئېلىپ كەتمەكچى بولسىڭىز سىزدىن ئازراقمۇ ئاغرىنمايمەن. سىز بۇ مەقسەتكە تىل ئارقىلىقمۇ يېتەلەيسىز. لېكىن، سىزنى بۇنداق قىلمايدۇ دەپ ئويلايمەن. چۈنكى سىز بەك سەزگۈر، مېنىڭ ھېسسىياتىمنى بىلىسىز، ھېسسىيات جەھەتتە بۇ يەرگە نىسبەتەن مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار.

— راست، بۇ يەردە تۇرمۇشنىڭ قىلچە مەززىسى يوق. مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز. رومانتىك كەيپىيات، جىنسىي مۇھەببەت، شام ياندۇرۇپ قويۇپ ئاشخانىدا ئاستا پىرقىراپ تانسا ئوينايدىغان ئىمكانىيەت ھەتتا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ لەززىتىنى ھېس قىلىدىغان بىرەر ئەركەك يوق، مۇھىمى سىز يوق. لېكىن، مەندە رىچاردقا، باللىرىمغا مەسئۇل بولىدىغان ھېلىقىدەك لەنىتى تۇيغۇ بار. مەن بۇ يەردىن يالغۇز كېتىپ قالسام بۇنىڭغا رىچارد چىدىيالمايدۇ، تۈگىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى يەرلىكلەرنىڭ قۇرۇق غەيۋەت ـ شىكايەتلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئېغىر ئىش يوق. خەقلەر، رىچارد جونسون دېگەن ئاشۇ شۇ. ئۇنىڭ ئىتالىيىلىك خوتۇنى نەچچە يىلنىڭ

ئالدىدا ئۆزۈن چاچلىق بىر فوتوگراف بىلەن قىپچىپ كەتكەن
دەيدۇ. رىچاردقا بۇ دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماقتىن، بالىلىرىمغا
كۆن بويى چىنتىپ ساتىر دىكىلەرنىڭ كۇسۇلداشلىرىنى ئاڭلىماق-
تىن باشقا ئامال يوق. ئۇلار بۇ يەردە قانچە ئۇزۇن تۇرسا
غەيۋەت ـ شىكايەتنى شۇنچە ئۇزۇن ئاڭلايدۇ. ئۇلار ئازابلىنى-
دۇ، مەندىن نەپرەتلىنىدۇ.

سىزنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشنى، سىز بىلەن بىللە بولۇش-
نى، سىزنىڭ قەدىناس ئايالىڭىز بولۇپ قېلىشنى شۇ قەدەر
ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆز
مەسئۇلىيىتىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن. سىز مېنى مەيلى جىسما-
نىي جەھەتتىن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىڭىز بىلەن
بىللە كېتىشكە مەجبۇرلىسىڭىز، بايا دېدىم، قارشى تۇرۇشقا
ئامالسىزمەن. مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئىنتايىن
چوڭقۇر، مەندە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇدەك مادار يوق. مەن
گەرچە چوڭ يولنى ئائىلە دەپ بىلىدىغان ئەركىنلىكىڭىزنى
تارتىۋالماسلىق توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلىگەن بولساممۇ، يەنىلا
كەينىڭىزدىن ماڭىمەن، مەن سىزنى پەقەت ئۆزۈمنىڭ شەخسىي
مەنپەئىتىمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا كېرەك قىلىمەن.

لېكىن، خۇش بوپكېتەي، مېنى ئۇنداق قىلىشقا، مەسئۇ-
لىيىتىمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىماڭ. مەن ئۇنداق قىلالماي-
مەن، مۇشۇ ئىش تۇپەيلى بىر ئۆمۈر داغدا قالغۇم يوق. ناۋادا
شۇنداق قىلسام بۇ مەنىۋى يۈك مېنى باشقا بىر ئادەمگە، سىز
ياخشى كۆرمەيدىغان يوچۇن بىر ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

روبېرت كىنكاي ئۈندىمىدى. ئۇ فرانسىسكانىڭ چوڭ يول،
مەسئۇلىيەت ۋە ۋاپاسىزلىق قىلسا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدى-
غانلىقى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى.
فرانسىسكانىڭ سۆزىنى ھەر ھالدا توغرا تاپتى. ئۇ دېرىزىدىن
سىرتقا قاراپ تۇراتتى، قەلبىدە كەسكىن كۈرەش كېتىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

فرانسىسكانىڭ كۆڭلىنى چۇشىنىشكە جىنىنىڭ بارچە تىرنىشاتتى. فرانسىسكا يىغلاپ تاشلىدى.

ئىككىسى بىر ھازاغىچە قۇچاقلىشىپ تۇردى. ئاخىر روبېرت فرانسىسكانىڭ قۇلىقىغا:

— سىزگە بىرلا ئىشنى دەيمەن، بىرلا ئىشنى، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىگە دېمەيمەن، يادىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ: مۇجمەللىككە تولغان بۇ كائىناتتا بۇنداق روشەن ئىش بىرلا قېتىم يۈز بېرىدۇ. مەيلى سىز قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ، بۇ ئىش بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ قايتا يۈز بەرمەيدۇ.

ئۇلار شۇ كۈنى ئاخشىمى — پەيشەنبە ئاخشىمى — يەنە بىللە بولدى. بىر - بىرىنى سىلاپ، كۈن چىقىپ خېلى ۋاخ بولغۇچە پىچىرلىشىپ بىللە يېتىشتى. ئاندىن فرانسىسكا بىر پەس ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئويغانغاندا كۈن تىكلىشىپ ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنىدى. فرانسىسكا ماشىنا ئىشىكىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىيىمىنى يېپىنچاقلاپلا ئورنىدىن تۇردى.

فرانسىسكا ئاشخانىغا كىرگەندە روبېرت قەھۋەنى تەييارلاپ قويۇپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغانىدى. روبېرت فرانسىسكاغا قاراپ كۈلدى. فرانسىسكا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى يەلكىسىگە قويدى، قوللىرىنى چاچلىرى ئارىسىغا تىقتى. روبېرت ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، قۇچىقىغا ئېلىپ سىلاشقا باشلىدى.

روبېرت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ كونا پادىچى ئىشتىنى كىيگەن، ئاسما باغنى كاجى كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاقىغان، «قىزىل قانات» ماركىلىق ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە شۋېتسارىيىنىڭ پىچىقىنى قىستۇرۇۋالغانىدى. جىلىتكىسى ئورۇندۇقتا ئارتىقلىق تۇراتتى. روبېرت يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى.

— مەن ئەمدى ماڭىمەن.

فرانسىسكا بېشىنى لىڭشىتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ رو-

بېرتنىڭ كۆزلىرىدە ئەگىگەن ياشنى كۆردى، لېكىن روبېرت كۆلۈپ تۇراتتى.

— سىزگە خەت يازسام بولامدۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىر - ئىككى پارچە سۈرەت ئەۋەتەي دەيمەن.

— بولىدۇ، — فرانسىسكا ئىشكاپنىڭ ئىشكىگە ئېسىقلىق تۇرغان قول ياغلىق بىلەن ياشلىرىنى ئېرتتى، — فوتوگرافىنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرىنى بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ تاپشۇرۇۋالىمەن. خەتنى بەك جىق يازماڭ.

— مېنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئادرېسىم ۋە تېلېفون نومۇرىمنى بىلىسىزغۇ؟ — فرانسىسكا بېشىنى لىڭشىتتى، — ناۋادا ئۆيدە بولماي قالسام «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» غا تېلېفون بېرىڭ. تېلېفون نومۇرىنى سىزگە يېزىپ بېرەي، — روبېرت تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ فرانسىسكاغا بەردى، — سىز ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ژۇرنالدىنمۇ تاپالايسىز. شۇنىڭغا قاراپ ژۇرنال رېداكسىيە بۆلۈمىگە تېلېفون بەرسىڭىز بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا مېنىڭ بار يېرىمنى شۇلار بىلىدۇ. مەن بىلەن كۆرۈشكۈڭىز ياكى پاراڭلاشقۇڭىز كەلسە ھەرگىز ئارىسالدى بولماڭ، مەن مەيلى دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولاي، ماڭا تېلېفون بېرىڭ، ھەققىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن. بۇنىڭدا سىزنىڭ تېلېفون ھېسابات دەپتىرىڭىزدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. دېگەنلىرىمنى يەنە بىر ئويلىنىپ كۆرۈڭ، مەسىلىنى مەشەدىلا بىر تەرەپ قىلىپ ئاندىن ماشىنا بىلەن غەربىي شىمال تەرەپكە كېتىمىز.

فرانسىسكا گەپ قىلمىدى. ئۇ روبېرتنىڭ مەسىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. رىچارد روبېرتتىن بەش ياش كىچىك ئىدى، لېكىن ئەقلىي ياكى جىسمانىي ياقتىن بولسۇن، روبېرتقا تەڭ كېلەلمەيتتى.

روبېرت جىلتىكىسىنى كىيدى. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان فرانسىسكانىڭ كاللىسى قوپقۇرۇق ئىدى. ئۇنىڭغا بەدىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەلۇم بىر ئەزاسى: «كەتمەك، روبېرت كىنكاي» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

روبېرت فرانسىسكانىڭ قولىنى تۇتۇپ ئارقا ئىشىك بىلەن ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ پۇتىنى پەلەمپەيگە قويدى، پەلەمپەيدىن پۇتىنى يەنە ئېلىپ فرانسىسكانى قۇچاقلاپ بىر نەچچە مىنۇت تۇردى.

روبېرت ئاخىر فرانسىسكادىن ئاجراپ ماشىنىغا چىقتى. ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ياپماي ئولتۇردى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. فرانسىسكانىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە ئىدى. روبېرت ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ياپتى. ئىشىك غىچىرلاپ كەتتى. ماشىنا بۇرۇنقىدەكلا ئورنىدىن قوزغىلىشنى خالىمايتتى. فرانسىسكا ئۆتۈك بىلەن ماي يولىنى دەسسىگەندە چىققان ئاۋازنى ئاڭلىدى، ماشىنا ئاخىر روبېرتقا بويسۇندى.

روبېرت ماشىنىنى ئايلاندۇردى. ئۇ تورمۇزنى دەسسەپ ئولتۇراتتى. فرانسىسكاغا باشتا ناھايىتى جىددىي، كېيىن بىلىنەر ــ بىلىنمەس كۈلۈپ قارىدى.

ــ ئەمدى يەنە چوڭ يولغا چۈشىمەن. سىزگە مەلۇم، مەن كېلەر ئايدا ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا بارىمەن، سىزگە شۇ يەردىن ئاتكرىتكا ئەۋەتەيمۇ؟ ــ دېدى.

فرانسىسكا گەپ قىلالماي، «كېرەك ئەمەس» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى. رىچارد پوچتا ساندۇقىدىن ئاتكرىتكىنى بايقاپ قالسا بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدى. روبېرت بېشىنى لىڭشىتتى.

روبېرت ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، سېمونت ياتقۇزۇلغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جالاقلىتىپ ھەيدەپ ئۆتتى. توخۇلار ماشىنىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ پىتىراپ كەتتى. جېك بىر توخۇنى قوغلاپ ماشىنا ئۆيگە ئەكىرىۋەتتى.

روبېرت كابىنكىنىڭ يان ئەينىكىدىن فرانسىسكاغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. روبېرتنىڭ قولىدىكى كۈمۈش بىلەزۈك كۈن نۇرىدا چاقناپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىككى تال تۈگمىسى ئوچۇق ئىدى.

روبېرت ماشىنىنى تار كوچىغا ئاچىقىپ ئالدىغا قاراپ ھەيدەپ كېتىۋەردى. فرانسىسكا توختىماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى، كۆز ياشلىرى كۈن نۇرىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. فرانسىسكا خۇددى ئۇلار كۆرۈشكەن بىرىنچى كۈندىكىدەك ئالدىراش تار كوچىنىڭ ئاغزىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ چايقىلىپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا قارىدى. ماشىنا تار كوچىنىڭ بېشىغا بېرىپ توختاپ، كابىنكىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ئىچىدىن روبېرت چىقىپ كابىنكىنىڭ پەلەمپىيىنى دەسسەپ تۇردى. روبېرت يۇز يارد يىراقلىقتىكى فرانسىسكانى كۆردى، ئارىلىق يىراق بولغاچقا ئۇ بەك كىچىك كۆرۈنەتتى.

روبېرت كەينى تەرەپكە سىنچىلاپ قارايتتى. ماشىنا سەۋرسىزلىك بىلەن گۈرۈلدەيتتى. ھەر ئىككىلىسى قەدەملىرىنى يۆتكىمىدى. ئۇلار بايا خوشلىشىپ بولغانىدى، شۇڭا يىراقتىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. بىرى دېھقانىنىڭ ئايالى، يەنە بىرى ئۆزگىرىپ چېكىگە يەتكەن ھاياتلىق تۈرىنىڭ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پادىچىلارنىڭ بىرى ئىدى. روبېرت ئوتتۇز سېكۇنت تۇردى. ھېچقانداق تەپسىلاتنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدىغان بۇ فوتوگراف مەڭگۈ يىتۈپ كەتمەيدىغان سۈرەت ئىشلەپ چىققانىدى.

روبېرت كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ سول تەرەپتىكى چوڭ يولغا بۇرۇلۇپ يەنە يىغلىۋەتتى. فېرمىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئورمانلىقتا بارغۇچە، كەينىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ، تار كوچىنىڭ ئاغزىدىكى توپىلىقتا باداشقان قۇرۇپ بېشىنى چاڭـگالـلاپ ئولـتۇرغان فـرانسىسكانى

كۆردى.

رىچارد بالىلىرى بىلەن كۆرگەزمىگە ئائىت خەۋەرلەرنى ۋە قۇشخانىغا ئاپىرىپ بېرىشتىن ئاۋۋال مۇكاپات سۇپىتىدە مۇزايغا بېرىلگەن شايى لېنتىنى ئېلىپ، شۇ كۈنى گۈگۈم مەھەلدە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. كارولىنىنىڭ قولىدىن تېلېفون چۈشمىدى. ئۇ جۇمە كۈنى ئىدى. مىك كېلىپلا ماشىنىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى ئۇن يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالىلار ئادەتتە جۇمە كۈنلىرى مەيداندا ئايلىناتتى، پاراڭلىشاتتى ياكى ماشىنا ھەيدەپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزلارنى چاقىرىشاتتى. رىچارد تېلې-ۋىزور كۆرگەچ، فرانسىسكانىڭ قوناق قوتۇرمىچىنى، بەك ئوخشاپتۇ، دەپ ماختاپ ئۇستىگە سېرىق ماي سۈركەپ بىر كېسىم يېدى.

فرانسىسكا ئىلەڭگۈچتە ئولتۇراتتى. سائەت ئون بولغاندا رىچارد تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى ۋە:

— راست، يەنىلا ئۆي ياخشىكەن، — دېدى. ئاندىن فران-سىسكاغا قاراپ، — ھېچنېمە بولمىغانسىز، فراننى؟ سەل ئېزىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىسىزغۇ؟

— مەن ئوبدان، رىچارد. تىنچ - ئامان قايتىپ كەلگىنىڭ-لارغا بەك خۇشمەن.

— توغرا، ئەمىسە مەن ياتتىم، كۆرگەزمە مەزگىلىدىكى بىر ھەپتە ماڭا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. قاتتىق چارچاپ كەتتىم، سىز ياتامسىز. فراننى.

— مەن بىردەم ئولتۇراي، تالا بەك راھەتكەن. ئولتۇرسام ئولتۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى فرانسىسكا. ئەمەلىيەتتە ئۇ قاتتىق ھېرىپ كەتكەنىدى. لېكىن يەنە رىچاردنى بۈگۈن بىللە بولايلى دەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپمۇ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈن ئاخشام چىداشلىق بېرەلمەيتتى.

فرانسىسكا رىچاردنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن ئىككىسى ياتىدىغان ھۇجرىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدى. كەينى تەرەپتىن كارولىن چېلىۋاتقان پىئانىنونىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

فرانسىسكانىڭ كۆڭلىگە روبېرت كىناي ئۆزىدىن نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە شەھەرگە كىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ روبېرتنى كۆرۈپلا قالسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ: «بىز ئەمدى چوقۇم كېتەيلى!» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ خەۋپ ــ خەتەرگە قارىماي روبېرت بىلەن كۆرۈشكىلى شەمشاد كۆۋرۈككە بارغانىدى، ئەمما ھازىر روبېرت بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

سەيشەنبە كۈنى. ئۆيدە كۆكتاتلار ئاياغلىشىپ قالغانىدى. قوناق يىغىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىۋېتىپ رىچاردقا بىر زاپچاس كېرەك بولۇپ قالدى. ھاۋا ناھايىتى تۇتۇق، يامغۇر يېغىۋاتقان، ئەتراپنى نېپىز بىر قەۋەت تۇمان قاپلىغانىدى، ئاۋغۇست ئېيى چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ھاۋا سالقىن ئىدى.

رىچارد ئۆزىگە كېرەككلىك زاپچاسنى ئېلىپ، باشقا ئەرلەر بىلەن قەھۋەخانىدا قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. فرانسىسكا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەرسە ــ كېرەك ئالغىلى يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا ماڭدى. رىچارد فرانسىسكانىڭ بارار يېرىنى بىلەتتى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ فرانسىسكانى «ئېسىل تاۋارلار» ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا ساقلىماقچى بولدى. رىچارد فرانسىسكانى كۆرۈپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى سۇلياۋ خالتىلارنى ماشىنىغا سالدى. فرانسىسكا شۇئان ھېلىقى ئۈچ پۇتلۇق جازا بىلەن سومكىلارنى ئەسلىدى.

ئۇلار 169 ــ نومۇرلۇق دۆلەتلىك تاشيولدا شىمالغا قاراپ

كېتىۋاتاتتى. بۇ ۋېنتېرستىتىكى ئاساسلىق يول ئىدى. فراڭسىيسكا دېسگول ماي قاچىلاش پونكىتىغا يېقىن قالغاندا، روبېرتنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماي قاچىلاش پونكىتىدىن قوزغالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ئەينەك سۇرتكۈچ توختىماي ھەرىكەتلىنەتتى، روبېرت ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا — يولدا كېتىۋاتاتتى.

ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تېز بولغاچقا، ئۇلار روبېرتنىڭ ماشىنىسىغا بىردەمدىلا يېتىشىۋالدى. ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان فرانسىسكا ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنىدىكى قارا بېرېزېنتقا مەھكەم ئورالغان چامادان بىلەن گىتار قېپىنى ۋە يېنىغا يۆلەپ قويۇلغان زاپاس چاقنى، يامغۇر چاچراپ كەتكەن ماشىنىنىڭ كەينى ئەينىكىدىن روبېرتنىڭ بېشىنىڭ يېرىمىنى ئېنىق كۆردى. روبېرت ئېكىشىپ پارچە - پۇرات نەرسىلەر سېلىنغان يەشىكتىن بىر نەرسە ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سەككىز كۈننىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق قىلغان، بىلكى فرانسىسكانىڭ يوتىسىغا تېگىپ كەتكەنىدى.

— ئاۋۇ يىراق يەردىن كەلگەن ماشىنا ئىكەن، — دېدى رىچارد، — ۋاشىنگتون شتاتىدىن كەلگەندەك قىلىدۇ. شوپۇر ئايالمۇ، نېمە چاچلىرى ئەجەب ئۇزۇنغۇ. ھەم راست، قەھۋەخانىدىكىلەر گېپىنى قىلغان ھېلىقى فوتوگراف شۇ ئىكەن - دە.

ئۇلار روبېرت كىنكاينىڭ كەينىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ بىر نەچچە كوچىدىن ئۆتتى، ئاندىن 169 - نومۇرلۇق تاشيول بىلەن شەرقىي غەرب تەرەپكە سوزۇلغان ئاچا يولغا چۈشتى. بۇ تۆت تەرەپكە تۇتىشىپ كېتىدىغان يولنىڭ مەركىزى ئىدى. سان - ساناقسىز ماشىنىلار بۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە قاراپ كېتەتتى. يامغۇر ۋە تۇمان قاتناشنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن، يامغۇر كۈچىيىپ ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى.

ئۇلار يىگىرمە سېكۇنتتەك تۇرۇپ قالدى. روبېرت ئالدى

تەرەپتە، ئۇلاردىن ئوتتۇز ئىنگلىزچىسى نېرىراقتا ئىدى. فراند-
ىسىسكا ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىكى ئىشىكنى ئېچىپ كابىنكىغا چىقسا، سومكىلار-
نىڭ، مۇزلاتقۇ بىلەن ئۈچ پۇتلۇق جازىنىڭ ئۇستىدىن ئۆمىلەپ
ئۆتۈپ روبېرتنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا تامامەن بولاتتى.

روبېرت جۇمە كۈنى ئۇنىڭ يېنىدىن كەتكەنىدى. روبېرتقا
بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇر دەپ ئويلىغان فرانسىسكا شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يەنىلا تۆۋەن مۆلچەرلىگەن-
لىكىنى ھېس قىلدى. بۇ مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلسىمۇ، لې-
كىن راست ئىدى. فرانسىسكا روبېرت ئاللىبۇرۇن چۈشەنگەن
ئىشنى ئەمدى چۈشىنىۋاتاتتى.

فرانسىسكا ماشىنىدا بۇرۇنقىدەكلا مىدىر قىلماي ئولتۇرات-
تى، مەسئۇلىيەت ئۇنى شۇ يەرگە بەند قىلىۋەتكەنىدى. كۆزلى-
رى ماشىنىنىڭ كەينى دېرىزىسىگە مىختەك قادالغانىدى. ئۇ
ئۆمرىدە بىرەر نەرسىگە كۆزلىرىنى ئۇزمەي بۇنچىلىك قاراپ
باقمىغانىدى. روبېرت ماشىنىسىنىڭ سول ياقتىكى چىرىغىنى
ياندۇردى. روبېرت مېڭىپ كەتسىلا مەڭگۇ قايتىپ كەلمەيتتى.
رىچارد ماشىنىنىڭ ئۇنئالغۇسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

فرانسىسكانىڭ كۆز ئالدىدىن ئالدىرىماي ئۆتۈشكە باشلىغان
كۆرۈنۈشلەر ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. روبېرت ما-
شىنىنى ئاستا ھەيدەپ يولنىڭ كېسىشكەن يېرىگە كەلدى...
فرانسىسكا روبېرتنىڭ ماي يولى بىلەن تورمۇزنى دەسسىگەن
ئۇزۇن پۇتلىرىنى، خوت يۆتكىگەن چاغدا ئۇزىراپ ـ قىسقىراي-
دىغان بىلەك مۇسكۇللىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. روبېرت
ماشىنىنى سولغا، 92 ـ نومۇرلۇق يولغا بۇراپ، بورفوس
يىغىن زالى تەرەپكە، قارا تاغ ئېگىزلىكىگە، شىمالغا ئاستا...
ئاستا ھەيدەپ ماڭدى... ئاندىن يەنە ئايلىنىپ ئاچا يولنىڭ ئاغزى-
دىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

فرانسىسكانىڭ كۆزلىرى ياشتىن غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى. يامغۇر بىلەن تۇماندا كابىنكىنىڭ ئېشىكىدىكى قىزىل سىرىبەلەن يېزىلغان: «فوتوگراف كىنكاي ــ ۋاشىنگتون شتاتى. بىللىنهام» دېگەن ئۆڭۈپ كەتكەن خەتلەرنى ئاران ئىلغا قىلالىدى.

روبېرت فرانسىسكانى ئوچۇقراق كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك، ئەينەكنى چۈشۈرۈپ ماشىنىنى ئايلاندۇردى. فرانسىسكا 92 ـ نومۇرلۇق تاشيولدا ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ كېتىۋاتقان روبېرتنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتقان چاچلىرىنى كۆرۈپ قالدى. روبېرت بىر قولىدا ئەينەكنى چۈشۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا تورمۇزنى تۇتۇپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

«ئاھ، خرىستوس... ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگارىم... ياق! ــ ئۇ ئىچىدە ندا قىلدى، ــ مەن خاتا قىلدىم، روبېرت، مەن قېپقالمىسام بوپتىكەن... لېكىن، كەتسەم بولمايتتى... سىزگە يەنە بىر قېتىم دېيىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ... كەتسەم نېمىشقا بولمايدۇ... سىز ماڭا يەنە بىر قېتىم دەڭ، مەن نېمىشقا كېتىشىم كېرەك.»

فرانسىسكا ئۇنىڭ چوڭ يول تەرەپتىن كېلىۋاتقان: «مۇجەمەللىككە تولغان كائىناتتا بۇنداق روشەن ئىش بىرلا قېتىم پەيدا بولىدۇ، سىز قانچىلىك ئۇمۇر كۆرۈڭ، بۇ ئىش بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ قايتا پەيدا بولمايدۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

رىچارد ماشىنىنى ئاچا يول ئاغزىدىن ھەيدەپ ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ يول ئالدى. فرانسىسكا روبېرتنىڭ ماشىنىسىنىڭ كەينىدىكى يامغۇر ۋە تۇماندا غايىب بولغان چىرىغىغا قاراپ، روبېرتنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان چىرايىنى ئىزدەيتتى. «چېۋورلىت» ناملىق چاقىنغىنا ماشىنا پىرنتسىپ سۆرىگەن يوغان ماشىنىنىڭ ئالدىدا

سەرەڭگە قىپىىدەك كۆرۈنەتتى. پرىنسىپ سۆرىگەن بۇ ماشىنا ئەڭ ئاخىرقى پادىچىنىڭ باش - كۆزىگە يامغۇر سۇلىرىنى چاچ-رىتىپ ۋىنتىبرستقا قاراپ غارقىراپ كېتىۋاتاتتى.

«خەير - خوش، روبېرت كىنكاي!» فرانسىسكا بوش ئاۋازدا شۇنداق دەپ يىغلىۋەتتى. رىچارد فرانسىسكاغا قاراپ:

— نېمە بولدى، فراننى؟ زادى نېمە بولدىڭىز، خۇش بوپ كېتەي، ماڭا دېسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى.

— رىچارد، مېنى بىردەم ئۆز ھالىمغا قويۇڭ، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالىمەن.

رىچارد رادىئونى چارۋىچىلىق خەۋەرلىرى بېرىدىغان دول-قۇنغا يۆتكەپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ فرانسىسكاغا قاراپ بېشىنى چايقىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كۆل

مادىزون ناھىيىسى گۇگۇم قوينىدا ياتاتتى، بۇ 1987 ـ يىلى ئىدى. بۇگۈن فرانسىسكانىڭ ئاتمىش يەتتە ياشقا تولغان كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ كارىۋاتتا ياتقىنىغا ئىككى سائەت بولدى. ئۇ يىگىرمە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ھەممىنى كۆرەلەيتتى، سىلىيالايتتى ۋە ھىدلىيالايتتى.

ئۇ ئىشلار ھېلىمۇ فرانسىسكانىڭ يادىدا ئېنىق ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئىئوۋا 92 ـ نومۇرلۇق تاشيولدا يامغۇر ۋە تۇمان ئىچىدە غەربكە ماڭغان ماشىنىنىڭ كەينىدىكى قىزىل چىراغ يىگىرمە ئىككى يىلدىن بېرى خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. كۆكسىلىرىنى سىلاپ ياتقان فرانسىسكاغا خۇددى روبېرت مەيدىسىنى كۆكسىلىرىگە سۈركەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. توۋا، ئۇ روبېرتنى نېمانچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ. شۇ چاغدىكى ياخشى كۆرۈش ئۇ مۇمكىن دەپ ئويلىغان چەكتىن ھالقىپ كەتكەنىدى. روبېرت ئۇچۇن فرانسىسكا ئائىلىسىنى ياكى ئېرىنى بىللە قوشۇپ ۋەيران قىلىۋېتىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى.

فرانسىسكا ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ ئاشخانىدا يۈزلۈكى سېرىق ھېلىقى ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. رىچارد جاھىللىق قىلىپ تۈرۈۋېلىپ يېڭى بىر ئۇستەل ئالغانىدى. فرانسىسكا كونىسىنى ئەپقېلىپ ماشىنا ئۆيىگە قويۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە ئۇنى ئاچقىۋېتىشتىن ئاۋۋال سۇلياۋ بىلەن ئوراپ قويغانىدى.

— مەن سىزنىڭ بۇ ئۇستەلدىن نېمە ئۈچۈن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەيدىغانلىقىڭىزنى زادىلا بىلمىدىم، — دېگەنىدى رىچارد ئۇستەلنى ئاچقىنىشىپ بېرىۋېتىپ ئاغرىنغان ھالدا. رىچارد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۇستەلنى مىك ئاشخانىغا ئەكىرىشىپ بەردى. يېڭىسىنى ئاچقىنىۋېتىپ نېمىشقا كونىسىنى ئەكىرىۋالغانلىقى توغرۇلۇق مىك ئاپىسىدىن سوراپمۇ قويمىغان، پەقەت سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويغان، ئاپىسى ئۈندىمىگەندى.

فرانسىسكا تاپتا شۇ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشكاپنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىچىدىن ئىككى تال ئاق شام بىلەن بىر جۈپ مىس شامدان ئالدى. شاملارنى ياقتى، رادىئونى ئېچىپ، يېنىك مۇزىكىلار بېرىلىۋاتقان دولقۇننى تاپتى.

فرانسىسكا سۇ كۆلچىكىنىڭ تۇۋىدە ئۇزۇن تۇردى. بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ روبېرتنىڭ يۈزىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ پەس ئاۋازدا: «سىز ھېلىمۇ يادىمدا، روبېرت كىنكاي، ئېگىزلىككە جايلاشقان قۇملۇق پادىشاھىنىڭ گېپى توغرا بولسا كېرەك. سىز پادىچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى، ئاشۇ پادىچىلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىشقا يۈز تۇتقان بولۇشى مۇمكىن» دېدى.

رىچارد تۈگەپ كېتىشتىن ئاۋۋال فرانسىسكانىڭ ئۆيىدە دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن روبېرتقا تېلېفون قىلىپ ياكى خەت يېزىپ باقمىدى. فرانسىسكا روبېرت بىلەن يەنە بىر قېتىم پاراڭلاشقان بولسىلا روبېرتنى ئىزدەپ كېتىپ قالغان بولاتتى، ئىش شۇ دەرىجىگە بارغانىدى. مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى روبېرت ئۇنىڭغا بىر بولاق سۈرەت ۋە ھېلىقى ماقالىنى ئەۋەتكەندىن باشقا خەت يېزىپ باقمىدى. ھېسسىياتىنى روبېرتنىڭ چۈشىنىدىغانلىقى فرانسىسكاغا مەلۇم ئىدى. روبېرتمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىش

ئېھتىمالى بارلىقىنى چۈشىنەتتى.

1965 - يىلىدىن تارتىپ فرانسىسكا «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» غا يېزىلدى. روسمان كۆۋرۈكى توغرىسىدىكى ماقالە بىلەن تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن روسمان كۆۋرۈكىنىڭ ئىسسىق رەڭ بېرىلگەن سۈرىتى ئىككىنچى يىلى ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. روبېرت بۇ سۈرەتنى فرانسىسكانىڭ باغاقچىسىنى بايقىغان ھېلىقى كۈنى سەھەردە تارتقانىدى. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا كۆۋرۈككە قاراپ كېتىۋاتقان نەچچە ئات قوشۇلغان ھارۋىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەنىدى. بۇ سۈرەتنىمۇ روبېرت تارتقان، سۈرەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئۆزى يازغانىدى. ژۇرنالنىڭ كەينىگە داۋاملىق يازغۇچى بىلەن فوتوگراف توغرۇلۇق ئوچېركلار، بەزىدە ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى بېرىلەتتى. شۇلارنىڭ قاتارىدا روبېرتنىڭ سۈرىتىمۇ بېرىلىپ قالاتتى. سۈرەتتە ئۇ يەنىلا چاچلىرى بۇزارغان، قولىدا بىلەزۈك، پادىچى ئىشتان ياكى كاجى ئىشتان كىيگەن، مۈرىسىدە ئاپپارات، بىلەكلىرىدىكى كۆپكۆك تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ روبېرتنىڭ ئافرىقىنىڭ كالاخارى قۇملۇقىدا، ھىندىستاننىڭ چاپور چوڭ تېمىدا، گۋاتېمالارنىڭ قېيىقىدا، كانادانىڭ شىمال تەرىپىدە چۈشكەن سۈرەتلىرىنى مۇشۇ ژۇرنالدىن كۆرۈپ قالاتتى.

فرانسىسكا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىيىۋالاتتى. روبېرتنىڭ «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» غا روسمان كۆۋرۈكىنىڭ سۈرىتى بىلەن بىللە چىققان ھېلىقى ساندىكى ماقالىسىنى، ئىككى پارچە سۈرەتنى ھەم خەت - چەكلىرىنى قېلىن كونۋېرتقا سېلىپ، كونۋېرتنى پەرداز ئۈستەلىنىڭ تارتمىسىدىكى ئىچ كىيىملىرىنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتكەنىدى. بۇ يەرگە رىچارد ھەرگىز دىققەت قىلمايتتى. ئۇ خۇددى يىراقتىكى كۆزەتچىدەك روبېرت كىنكايىنىڭ ئىزىدىن قالماي، ئۇنىڭ بارا - بارا قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

فرانسىسكا روبېرتنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى، شۇ پېتى تۇرغان ئېگىز قامىتىنى، مۇسكۇللىرى چىڭ بەدىنىنى كۆرگەندەك بولاتتى. كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە چۈشكەن قورۇقلار، مەزمۇت قەددى ئالدىغا سەل پۈكۈلۈپ، بارا ـ بارا تارتىلىپ كېتىۋاتقان يۈز مۇسكۇللىرى ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى فرانسىسكا بىلىۋالالايتتى. ئۇ روبېرتنىڭ بەدىنىنى ئۆمرىدە كۆرگەن ھەر قانداق شەيئىدىن ھەتتا ئۆزىنىڭ بەدىنىدىنمۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلغانىدى. بارا ـ بارا قېرىپ كېتىۋاتقان روبېرت شۇ تاپتا فرانسىسكانى ئۆزىگە كۈچلۈك تەقەززا قىلىۋاتقاندى. ئاۋادا مۇمكىن بولسا... فرانسىسكا شۇنداق قىياس قىلاتتى ـــ ياق، ئۇ ھەقىقەتەن بىلەتتى ـــ روبېرت بويتاق، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى.

شام يورۇقىدا فرانسىسكا ئۇستەلدىكى قىيىۋېلىنغان گېزىت پارچىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈۋاتاتتى. روبېرت فرانسىسكاغا يىراقتا تۇرۇپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. فرانسىسكا 1967 ـ يىلى چىققان ژۇرنالنىڭ بىرىنچى ساندىن ئالاھىدە بىر پارچە سۈرەتنى تېپىۋالغانىدى. سۈرەتتە روبېرت شەرقىي ئافرىقىدىكى بىر دەريا بويىدا ئاپپاراتنى يېقىن ئارىلىقتىن توغرىلاپ خۇددى بىر نەرسىنى سۈرەتكە تارتىدىغاندەك زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

فرانسىسكا بۇ سۈرەتنى تالاي يىل ئىلگىرى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە، روبېرتنىڭ بوينىدىكى كۈمۈش زەنجىرگە ئۆتكۈزۈلگەن يۇمىلاق كىچىك ماركا كۆزىگە چېلىققانىدى. مىك ئالىي مەكتەپكە كەتكەن، رىچاد بىلەن كارولىن ئۇخلاپ قالغان چاغدا، مىك كىچىك ۋاقتىدا ماركا يىغىپ يۈرگەندە ئىشلەتكەن لوپا ئەينەكنى ئاچىقىپ سۈرەتنى كۆردى.

«توۋا» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغانىدى فرانسىسكا. ئاشۇ يۇمىلاق ماركىنىڭ ئۈستىدە «فرانسىسكا» دېگەن خەت بار ئىـ

دى. بۇ روبېرتنىڭ كىچىككىنە بىر ئېھتىياتسىزلىقى ئىدى. فرانسىسكا كۈلۈپ تۇرۇپ روبېرتنى ئەپۇ قىلغانىدى. روبېرتنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ يۇمىلاق ماركا ئۇنىڭ كۈمۈش زەنجىرىگە ئۆتكۈزۈكلۈك ئىدى.

1975 ـ يىلىدىن كېيىن فرانسىسكا ژۇرنالدىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى ھەم ئىمزاسىنى كۆرمىدى. ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىدىن ئىزدەپ ئۇنىڭ يا سۈرىتىنى، يا ئىمزاسىنى تاپالمىدى. روبېرت شۇ يىلى ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگەنىدى.

رىچارد 1979 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. بالىلىرى دادىسىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىۋېتىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشتى. روبېرت كىنكايغا تېلېفون ئۇرۇش شۇ چاغدا فرانسىسكانىڭ خىيالىغا كەچتى. شۇ چاغدا روبېرت ئاتمىش ئالتە ياشتا، فرانسىسكا ئەللىك توققۇز ياشتا ئىدى. ئارىدىن ئون تۆت يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇلگۇرۇش مۇمكىن ئىدى. فرانسىسكا دىققىتىنى يىغىپ بىر ھەپتە ئويلاندى، ئاخىر خېتىدىن ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ تېلېفون بەردى.

تېلېفون جىرىڭلىغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغىلى قىل قالدى. فرانسىسكا بىرىنىڭ تېلېفوننى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى تېلېفوننى قويۇپ قويۇشقا تەمشەلدى. تېلېفوندىن بىر ئايالنىڭ: «ماك گىلىگىر سۇغۇرتا شىركىتى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. فرانسىسكانىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇ ئايالدىن تېلېفون نومۇرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى سورىدى. تېلېفون نومۇرى توغرا ئىدى. فرانسىسكا رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى.

فرانسىسكا ئەمدى ۋاشىنگتون بېللىنھامدىكى سوراش ئورنىغا تېلېفون بېرىش قارارىغا كەلدى. تىزىملىكتە ئۇنىڭ ئىسمى يوق ئىدى، سېئاتىلغا تېلېفون بەردى، ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. بېللىنھام بىلەن سېئاتلدىكى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى-

نىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ سورۇشتۇرۇپ بېقىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار سورۇشتە قىلىپ، ئۇنداق ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. روبېرت ھەرقانداق يەرگە بارالايدۇ، دەپ ئويلاتتى فرانسىسكا.

فرانسىسكانىڭ يادىغا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى كەلدى. روبېرت ئۇنىڭغا ئۆزىنى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. فرانسىسكانىڭ تېلېفوننى ناھايىتى ئەدەپلىك بىرەيلەن ئالدى. لېكىن يېڭى كەلگەن ئادەم ئوخشايدۇ، باشقا بىرىنى تېلېفونغا چاقىرىپ بەردى. فرانسىسكا شۇ ژۇرنالدا يىگىرمە يىل ئىشلىگەن بىر مۇھەررىر بىلەن سۆزلەشتى.

ئۇ مۇھەررىر روبېرتنى بىلەتتى. ئۇ: «ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەكچىمىدىڭىز؟ ئۇ قارىغىش تەگكۈر بىر فوتوگراف، بۇ گېپىم ئۇچۇن مېنى كەچۈرۈڭ. ئۇنىڭ مىجەزى بەك ئوسال. بۇ ئۇنى يامان دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ ئىنتايىن جاھىل، سەنئەت ئۇچۇن سەنئەتكە ئىنتىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىتىغا تازا ياقمايدۇ. بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ياخشى ئەسەرلەرگە، فوتو سۈرەتچىلىك ماھارىتى نامايان قىلىنغان سۈرەتلەرگە موھتاج، بەك ئىپتىدائىي بولۇپ كەتسە ياقتۇرمايدۇ.

بىز ھەمىشە روبېرتنىڭ سەل غەلىتە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلىشىمىز. ئۇ بىز ئۇچۇن خىزمەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق كىشىنى تونۇمايدۇ. لېكىن، ئۇ ياخشى ئادەم. بىز ئۇنى ھەرقانداق يەرگە ئەۋەتسەك، كۆپ ھاللاردا تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تەدبىرلىرىگە قوشۇلمىسىمۇ، لېكىن قولىدىن ئىش چىقىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىگە كەلسەك، شۇ تاپتا مەن سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقاچ ئۇنىڭ ئارخىپىنى ۋاراقلاۋاتىمەن. ئۇ 1975 ـ يىلى بىزنىڭ ژۇرنالدىن ئايرىلغان، ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى... ئۇ تەھرىر ئوقۇپ بېرىۋاتقان مەزمۇندىن

www.uyghurkitap.com

فرانسىسكا ئاللىقاچان خەۋەردار ئىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋالدىن قورقۇپ سۇرۇشتە قىلىشنى توختاتتى.

فرانسىسكا ئۆزىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىدىغان، روبېرتنى بارغانسېرى كۆپ ئويلايدىغان بوپقالدى. ئۇ ماشىنا ھەيدىيەلەيتتى، ھەر يىلى نەچچە قېتىم ماشىنا ھەيدەپ دېس موينېسقا باراتتى، روبېرت باشلاپ بارغان ھېلىقى رېستورانغا بېرىپ چۈشلۈك تاماق يەيتتى. بىر قېتىم ئۇ قەغىزى ئاق، مۇقاۋىسى قېلىن دەپتەر بىر خاتىرە سېتىلىپ، روبېرت بىلەن مۇھەببەتلەشكەن جەريانىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىنى چىرايلىق پوچېركىسى بىلەن تەپسىلىي يېزىشقا باشلىدى. ئۇ جەمئىي ئۈچ دەپتەرنى تولدۇرۇپ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى.

ۋېنتېرست ئالغا باسماقتا ئىدى. بىر سەنئەتكارلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن ئاياللاردىن قۇرۇلدى. كۈۋرۈكلەرنى يېڭىۋاشتىن بېزەش ھەققىدە بىر نەچچە يىل تالاش-تارتىش بولدى. بەزى غەلىتە ياشلار تاغقا ئۆي سالدى. ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۆزگەردى. ئۇزۇن چاچ قويۇش ئەمدى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان بولدى. لېكىن، ئەرلەر يەنىلا ساپما كەش كىيمەيتتى، شائىرلار ئىنتايىن ئاز ئىدى.

فرانسىسكا بىر نەچچە ئايال دوستلىرىغا ئارىلىشىشتىن باشقا، جامائەت سورۇنلىرىدىن پۈتۈنلەي قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپى ۋە ئۇنى ھەمىشە روسمان كۈۋرۈكىنىڭ، بەزىدە شەمشاد كۈۋرۈكىنىڭ يېنىدا كۆرۈپ قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى. ئۇلار ئادەم قېرىغاندا بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ چۈشەنچىسىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشاتتى.

1982 - يىلى 2 - فېۋرال بىرلەشمە پوسۇلكا مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ بىر ماشىنىسى فرانسىسكانىڭ ھويلىسىغا كىرىپ

كەلدى. ئۇ پوچتىغا ھېچنېمە زاكاز قىلمىغاچقا گاڭگىراپ قالدى. ئۇ قول قويۇپ پوسۇلكىنى ئالدى. پوسۇلكىغا: «ئىئوۋا، ۋېنتېرست، RR. 2. 50273» دېگەن ئادرېس يېزىلغانىدى. پوسۇلكا سېئاتلدىكى بىر ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئەۋەتىلگەنىدى.

پوسۇلكا ناھايىتى رەتلىك ئورالغان ھەم سوغۇرتا قىلىنغانىدى. فرانسىسكا پوسۇلكىنى ئاشخانىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ ئېھتىيات بىلەن ئاچتى. ئۈچ دانە قۇتا قېلىن سۇلياۋغا ئورالغانىدى. قۇتىلارنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە پلاستىر چاپلاپ قويۇلغان قېلىن بىر كونۋېرت، يەنە بىرىدە ئىش قەغىزىگە يېزىلغان بىر پارچە خەت بار ئىدى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى فرانسىسكا، خەتنى ئەۋەتكەن ئورۇن قانۇن ئىشلىرى ئورنى ئىدى.

«1982 - يىلى 25 - يانۋار
فرانسىسكا جونسون خانىم
ئىئوۋا ۋېنتېرست
RR. 2. 50237

*سۆيۈملۈك جونسون خانىم:*
*بىز يېقىندا ئالەمدىن ئۆتكەن روبېرت كىنكاي ئەپەندىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ۋاكالەتچىسى...»*

فرانسىسكا خەتنى ئۈستەلگە قويدى. تالادا قار ئارىلاش چىقىنۋاتقان بوران قىشلىق ئۆيقۇدا ياتقان دالىلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋاتاتتى. فرانسىسكا پاخال ۋە قوناق غوللىرىنى ئۇچۇرۇپ چىتلاقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇۋاتقان بوراننىڭ گۈركىرەشلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى قۇرلارنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى.

*«بىز يېقىندا ئالەمدىن ئۆتكەن روبېرت كىنكاي ئەپەندىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ۋاكالەتچىسى...»*

«ئاھ، روبېرت، روبېرت... ياق...» فرانسىسكا ھەسرەتلىك ئىندا قىلغىنىچە بېشىنى ئەگدى.

فرانسىسكا بىر سائەتتىن كېيىن ئۇقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. توغرىدىن ـ توغرا ئېيتىلغان قانۇن تۇسىگە ئىگە سۆز ـ ئىبارىلەر، دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

بىز ... ۋاكالەتچىسى.

بىر ئادۋوكات بىر ۋاكالەتچىنىڭ ۋاكالىتىنى بېجىرىدۇ. لېكىن ئاشۇ كۆچ ـ قۇدرەت ئىگىسى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا مىنىپ بۇ دۇنياغا كەلگەن ئاشۇ يىلپىز، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ھاۋا تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەن بىر كۈنى روسمان كۆۋرۈكىنى ئىزدەپ كەلگەن ئاشۇ ئادەم، «ھاررى» ناملىق ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىغان، ئىئوۋا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ توپا ـ چاڭغا تولغان تار كوچىسىدا كۆزدىن غايىب بولغان ئاشۇ كىشى ھازىر نەدە؟ ئۇنى مۇشۇ قۇرلارنىڭ ئارىسىدىن تاپقىلى بولارمۇ؟

بۇ خەت ئۆزگەرگەن تۇرلەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ۋە ئەركىن زېمىنىدىن مەھرۇم بولۇش، خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى قوناق غوللىرىغا ئوخشاش قاشانىڭ بىر بۇلۇڭىدا جان تالىشىۋاتقان پادىچىلار توغرۇلۇق يېزىلغان، مىڭ بەتتىن ئاشقان خەت بولسا بولماسمىدى.

*«ئۇ قالـدۇرغـان بىردىنـبىر ۋەسىيەتـنىڭ ئاي ـ كۈنى 1967 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇل. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرىش توغرۇلۇق بىزگە ئېنىق ھاۋالە قىلغان. سىزنى تاپالمىغان بولساق، كۆيدۇرۇۋەتكەن بولاتتۇق. قۇتىدا ئۇنىڭ 1976 ـ يىلى سىزگە يېزىپ قالدۇرغان خېتى بار، خەتنى ئۆزى پېچەتلىگەن، پېچەتنى ھېچكىم بۇزمىدى.*

*روبېرت ئەپەندىنىڭ جەسىتى كۆيدۇرۇلۇپ ئارزۇسىغا بىنا-ئەن ھېچقانداق نام ـ نىشان قالدۇرۇلمىدى. جەسەت كۈلى ئۆزى-نىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ ئەتراپىغا چېچىۋېتىل-دى، ئاڭلىساق ئۇ يەر روسمان كۆۋرۈكى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىشلارنى ئىش بېجىرىش ئورنىمىزدىكى بىر خىزمەتچى بېجىردى.*

*خىزمىتىڭىزگە تەييارمىز، بىز بىلەن قانداقلا چاغدا ئالاقىلا-شىسىڭىز بولىدۇ.*

*ئادۋوكات*

*ئېلون كوننېن»*

فرانسىسكا كۆز، ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قۇتىدىكى نەرسى-لەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

فرانسىسكا يۇمشاق كونۋېرتنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى خۇددى باھارنىڭ چوقۇم يەنە كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندەك بىلەت-تى. ئۇ كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئىچىدىن ھېلىقى كۈمۈش زەنجىرنى ئالدى. يۇمىلاق ماركىنىڭ ئۈستىگە «فرانسىسكا» دېگەن خەت، كەينىگە: «ناۋادا بۇنى تېپىۋالسىڭىز، ئامېرىكا ئىئوۋا شتاتى ۋىنتېرساتېر RR. 2، فرانسىسكا جونسونغا ئەۋە-تىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن» دېگەن ناھايىتى ئۇششاق خەتلەر چېكىلگەنىدى.

كونۋېرتنىڭ تېگىدە ئۇنىڭ كۈمۈش بىلەزۈكى قەغەزگە ئو-رالغان ھالدا تۇراتتى. بىر باغاقچە كۈمۈش بىلەزۈك بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ فرانسىسكانىڭ پوچېركىسى ئىدى: « ‹ ئاق پەرۋانە

قاناتلىرىنى كېرىگەن، چاغدا كەچلىك تاماق يېگۈمىز كەلسە، كەچتە ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ قاچانلا كەلسىڭىز بولىدۇ.»
بۇ فرانسىسكا روسمان كۆۋرۈكىگە مىخلاپ قويغان باغاقچە ئىدى، روبېرت بۇنىمۇ خاتىرە ئورنىدا ساقلاپ كەلگەنىدى.
فرانسىسكا بارا - بارا كونىراپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تۇتۇقلىشىپ كەتكەن سۈرەتتىن باشقا روبېرتنىڭ قولىدىكى بىردىنبىرى نەرسىنىڭ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر يالدامىنىڭ مۇشۇ ئىككەنلىكىنى ئويلىدى. ئۇ ئەينى چاغدا روسمان كۆۋرۈكىگە مىخلاپ قويغان بۇ باغاقچىدا داغ ھەم پۇرلەشكەن ئىزلار بار ئىدى. قارىغاندا، ھەمياندا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.
روبېرت نەچچە يىلدىن بېرى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭلۈكتىن يىراق يەرلەردە مۇشۇ باغاقچىنى تالاي قېتىم ئوقۇغان دېگەن خىيال فرانسىسكانىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ، روبېرتنىڭ ۋېرتالىيوتنىڭ غۇۋا يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا مۇشۇ باغاقچىنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، يولۋاس مەملىكىتىدىكى بامبۇك كەپىدە قول چىراغنىڭ يورۇقىدا مۇشۇ باغاقچىنى ئوقۇغانلىقىنى، بېللىنھامنىڭ يامغۇرلۇق كېچىلىرىدە مۇشۇ باغاقچىنى ئوقۇپ ئاندىن قاتلاپ بىر چەتكە قويۇپ قويۇپ، يازنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى چىتلاقنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرغان ياكى كۆن ئولتۇرغان چاغدا لەمپىلىك كۆۋرۈكتىن كېلىۋاتقان بىر ئاياللىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.
ئۈچ قۇتىنىڭ ھەر بىرىگە كۆزى بىلەن بىللە بىردىن ئاپپارات قاچىلانغانىدى. نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ ئاپپاراتلار كونىراپ كەتكەنىدى. فرانسىسكا بىر ئاپپاراتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ، سۈرەت تارتىش ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىكى «نىكان» دېگەن خەتنى، ماركىسىنىڭ سول بۇرجىكىدىكى «F» دېگەن ھەرپنى كۆردى. فرانسىسكا شەمشاد كۆۋ-

رۇكىدە روبېرتقا سۇنۇپ بەرگەن ئاپپارات دەل مۇشۇ ئىدى.

فرانسىسكا ئاخىر خەتنى ئاچتى، روبېرت بۇ خەتنى مەخسۇس ئىش قەغىزىگە 1978 ـ يىلى 16 ـ ئاۋغۇست ئۆز قولى بىلەن ياغاندى.

*سۆيۈملۈك فرانسىسكا:*

*ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ جايىدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ خەتنىڭ قاچان قولىڭىزغا تېگىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھەممىشە مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تېگىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. مەن ئاتمىش بەش ياشقا كىردىم. ئىككىمىز ئۇچراشقان ئون ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى بۈگۈنكى كۈندە مەن يول سوراپ سىز ئولتۇرۇشلۇق ئاشۇ تار كوچىغا كىرگەنىدىم.*

*بۇ پوسۇلكىنى سىزگە ئەۋەتسەم تورمۇشىڭىزدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمەيدۇ. بۇ ئاپپاراتلارنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ فوتو ئاپپارات ماگىزىنىنىڭ پوكىيىدە تۇرۇشىغا ياكى باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە چىدىمىدىم. ئاپپاراتلار سىزنىڭ قولىڭىزغا تەگكۈچە تولىمۇ كونىراپ كېتىدۇ. لېكىن، قالدۇرۇپ قويغۇدەك ئادەم بولمىغاچقا، سىزگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدۇم. مېنى دەپ خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان بولدىڭىز، ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن.*

*1965 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە ۋاقتىم ئاساسەن يىل بويى يولدا ئۆتتى. ئۆزۈمنى سىزگە تېلېفون بېرىپ سېلىشتىن ياكى سىزنى ئىزدەپ يېنىڭىزغا بېرىپ قېلىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتىم. ئويغاقلا بولسام بۇنداق ئوي ـ خىيال تورمۇشۇمغا دائىم ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن نەچچە قېتىم ئۆزۈمگە: «بولدىلا، ئىئوۋادىكى ۋىنتېرساتېرغا بېرىپ، مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلەي، فرانسىسكانى ئېلىپ كېلىمەن» دېگەنىدىم.*

*سىزنىڭ گېپىڭىز يادىمدا ئىدى، ھېسسىياتىڭىزنى ھۆرمەتلەيتتىم. سىزنىڭ توغرا بولسا كېرەك، ئەمما بۇ ماڭا قاراڭغۇ.*

لېكىن، ھېلىقى پىژغىرىم ئىسسىق جۇمە كۈنى تار كوچىلىرىدىن ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىشتەك قېيىن ئىشنى قىلغانلىقىنىلا بىلىمەن، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق قېيىن ئىشنى ماڭا ئوخشاش ئەرلەرنىڭ قانچىسىنىڭ قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن.

1975 ـ يىلى «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دىن ئايرىلىپ، فوتوگرافلىق ھاياتىمنى ئۆزۈم تاللىغان ئوبيېكتلارنى تىرىشىپ تارتىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. پۇرسەت چىقىپ قالسا شۇ يەردە ياكى شۇ رايوندا ئاز ـ تولا ئىش تېپىپ قىلدىم. بىر قېتىم سىرتتا نەچچە كۈن تۇرۇپ كەلدىم. قولۇم قىسقىراق بولسىمۇ، يەنىلا جېنىمنى جان ئېتىپ كېتىۋەردىم. مەن ھامان ئۆزۈمنى قامداپ كېتەلەيدتىم.

مېنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىم پېگېت دېڭىز قولتۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېڭىز قولتۇقىنى ياخشى كۆرىمەن. ئادەم قېرىسا سۇغا ئامراق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

ھە راست، مەن ساپسېرىق بىر تايغان باقتىم. ئۇنىڭ ئىسمى «چوڭيول» . ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا سەپەردە ماڭا ھەمراھ بولىدۇ، بېشىنى كابىنكىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىرىپ ئولجا ئىزدەيدۇ.

1972 ـ يىلى ماين شتاتىدىكى ئاركاردىيە دۆلەت باغچىسىدىكى قىيا تاشتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئوشۇقۇمنى سۇندۇرۇۋالدىم. زەنجىرىم ۋە زەنجىرىمدىكى يۇمىلاق ماركا ئۈزۈلۈپ كەتتى. تەلىيىمگە يېنىمغىلا ئۈزۈلۈپ چۈشكەنىكەن، تېپىۋېلىپ زەنجىرنى بىر زەرگەر تونۇشۇمغا ياساتتىم.

كۆڭلۈم غەش بولغاچقا، بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق بايان قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالمىدىم. سىز بىلەن تونۇشماستا ئارىلاشقان بىر نەچچە ئاياللارنىڭ كېيىن بىرەرىگىمۇ ئارىلاشمىدىم. بويتاق ئۆتۈشكە قەسەم قىلمىغان بولسامىمۇ، لېكىن ئۆزۈم قىزىقمىدىم.

مەن بىر كۈنى بىر كانادا ئاق قۇسىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ جۈپتىنى ئوۋچى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئاق قۇلارنىڭ ئۆلگۈچە ئۆز جۈپتىگە ۋاپا قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىسىز. ھېلىقى ئەركەك ئاق قۇ نەچچە يىل كۈن بويى كۆلچەكنىڭ ئەتراپىنى

ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىمدە ئۇ جۇپتىنى ئىزدەپ ياۋا شاللىق ئارىسىدا يۈرەتتى. بۇ ئوخشىتىشىم تولىمۇ يۈزەكى ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتە يېتەرسىز بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ مېنىڭ ئاشۇ ئاق قۇدىن ئالغان تەسىراتىم.

تۇمانلىق سەھەرلەردە ياكى چۈشتىن كېيىن كۈن نۇرى غەربىي شىمالدىكى سۇ يۈزىدە جىمىرلىغان چاغلاردا ھەمىشە سىزنىڭ نەدىلىكىڭىزنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن. ھويلىڭىزغا بارغان، پېشايۋاندىكى ئىلەڭگۈچتە ئولتۇرغان، ئاشخانىڭىزدىكى سۇ كۆلچىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغان چاغلىرىمنى ئويلايمەن، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مۇرەككەپ ئىش يوق.

ھەممە ئىش يادىمدا: سىزنىڭ تىنىقىڭىز، يازنىڭ ھىدىغا ئوخشاش ھىدىڭىز، بەدىنىمنى چىڭ تۇتقان قوللىرىڭىزنىڭ سېزىمى، سىزنى سۆيگەن چاغدا پىچىرلاپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە.

روبېرت پېن ۋاررېن: «بۇ پەرۋەردىگارىم ئۇچۇن تاشلىۋېتىلگەندەك بىر دۇنيا» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. بۇ گەپ مېنىڭ بەزى چاغلاردىكى ئويلىرىمغا يېقىن كېلىدۇ. لېكىن، مەن ھەمىشە ئۇنداق ياشىيالمايمەن. بۇنداق تۇيغۇ كۈچىيىپ كەتكەندە نەرسىلىرىمنى ماشىنامغا بېسىپ بىر نەچچە كۈن چوڭ يولدا بولىمەن.

نادامەت چېكىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنداق تۇيغۇ ماڭا يات. ئەكسىچە، مەن قايناق ھېسسىياتقا ئىگە ئادەم. چۈنكى مەن سىزنى تاپتىم. بىز ئەسلىدە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەن كائىناتنىڭ چوڭقۇرىدەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن ئىدى.

پەرۋەردىگارىم ياكى كائىنات مەيلى نېمە بولسۇن، قىسقىسى، تەڭپۇڭلۇق بىلەن تەرتىپ سىستېمىسى يەر شارىنىڭ ۋاقتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. كائىنات ئۇچۇن ئېيتقاندا، تۆت سائەت بىلەن تۆت يىلنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، مەن بۇنى ئەستە تۇتۇشقا تىرىشىمەن.

مەن نېمىلا دېگەن بىلەن ئەركەك، شۇڭا مەن ئىشلەتكەن پەلسەپىۋىلىك ئەقلىي خۇلاسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سىزنى

*ئېلىشىمغا توسقۇن بولالمايدۇ. ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر مىنۇت كاللامنىڭ چوڭقۇر يېرىدە رەھىمسىز ۋاقىتنىڭ، ئىككى-مىزنىڭ جەم بولۇشىغا مەڭگۈ ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان ۋاقىتنىڭ ھەسرەتلىك بەلگىسى بار.*

*سىزنى چوڭقۇر ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەبەدىلئەبەد ياخشى كۆرىمەن.*

*ئەڭ ئاخىرقى پادىچى*

*روبېرت*

*ئەسكەرتىش: بۇلتۇر يازدا ھاررىنىڭ ماتورىنى ئالماشتۇر-دۇم، ھاررى ھازىر بەك ساز بولۇپ كەتتى.*

فرانسىسكا بۇ پوسۇلكىنى بەش يىلنىڭ ئالدىدا تاپشۇرۇۋال-غانىدى. ئۇ ھەر يىلى ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەتتى. بۇنداق قىلىش بىر مۇراسىمغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئاپپارات، بىلەزۈك ۋە يۇمىلاق ماركا ئۆتكۈزۈلگەن زەنجىرنى ئالاھىدە ياسالغان ساند-دۇقچىغا سېلىپ ئىشكاپتا ساقلايتتى. قۇتىنى يەرلىك بىر يا-غاچچى فرانسىسكانىڭ لايىھىسىگە ئاساسەن، ئىچىگە يۇمشاق تەگلىك قويۇپ، ياڭاق ياغىچىدىن ئىچىگە توپا - چاڭ كىرەلمەي-دىغان قىلىپ ياساپ بەرگەنىدى. ياغاچچى: «بۇ ساندۇقچە بەك پۇختا ياسالدى» دېگەندە، فرانسىسكا كۈلۈپ قويغانىدى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرقى تەرتىپى ماقالە ئوقۇش ئىدى. فران-سىسكا ھەمىشە قاراڭغۇ چۈشكەندە، شام يورۇقىدا ماقالە ئو-قۇيتتى. ھۇجرىسىدىن بىر پارچە ماقالىنى ئاچقىچ ئۈستەلدىكى شامنىڭ يېنىغا ئاۋايلاپ تىزلەپ قوياتتى - دە، يىلدا بىر تال چېكىدىغان «تۆگە» ماركىلىق تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، براندىدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، ئاندىن ماقالىنى ئوقۇشقا باشلايتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق قىلدى.



www.uyghurkitap.com

# نۆل گرادۇسلۇق بوشلۇقتىن چۈشۈپ كېتىش

## روبېرت كىنكاي

بەزى قەدىمكى شاماللارنى مۇشۇ كۈنگىچە چۈشەنمەي كەلدىم. مەن ئىزچىل ھالدا مۇشۇ شاماللارنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئۆمۈرتقىلىرىدا مېڭىپ كېلىۋاتىمەن ھەم مەڭگۈ توختىماي ماڭىدىغاندەك قىلىمەن. مەن نۆل گرادۇسلۇق بوشلۇقتا ئايلىنىپ يۈرىمەن. دۇنيانىڭ باشقا بىر يېرىدىكى مەلۇم بىر جىسىم مەن بىلەن تەڭ ئايلىنىدۇ. بۇ دۇنيا ماڭا خۇددى ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ماگىزىنىنىڭ پوكىيىدىن ئېگىشىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

نۆل گرادۇسلۇق بوشلۇقتا غەلىتە پەيتلەر پات - پات كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭ يول ماگدالېنانىڭ غەربىدىكى يامغۇر كۆپ ياغىدىغان مېكسىكا شتاتىدىن يىلاندەك ئايلىنىپ ئۆتكەندە، باشتا ئادەم ماڭىدىغان كىچىك يولغا ئاندىن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان چىغىر يولغا ئايلىنىدۇ. بۇ چىغىر يول يەنە ماشىنامنىڭ ئالدىدىكى ئەينەك سۈرتكۈچ ھەرىكەتكە كەلگەن ھامان ئىنس - جىنىنىڭ قەدىمى تەگمىگەن ئىپتىدائىي ئورمانلىققا ئايلىنىدۇ. ئەينەك سۈرتكۈچ يەنە ھەرىكەتلىنىپ كەينىگە قايتىدۇ، بۇ چاغدا ئورمانلىقنىڭ ئورنىدا مۇزلۇق پەيدا بولىدۇ. مەن چاچلىرىم چۇۋۇق، ئۇستۇمگە ھايۋان تېرىسىنى ئارتىپ، قولۇمدا ئۇزۇن نەيزە، چاتقاللىق ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىمەن. ۋۇجۇدۇم كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، ئۆزۈممۇ قۇۋلىشىپ كېتىمەن. مۇزلۇقتىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بويلاپ كەينىمگە قايتىپ، چوڭقۇر تۇزلۇق

سۇغا چۆمۈلىمەن. پۈتكۈل بەدىنىمنى قاسىراق قاپلاپ، ماڭا ساقال پەيدا بولىدۇ. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مېڭىپ ھېچنېمىنى كۆرمەيمەن. ئۆزگۈچى جانلىقلاردىن باشقا نۆل رەقىمىنى كۆرىمەن. ئېۋكلىدنىڭ[1] پۈتۈنلەي توغرا بولۇشى ناتايىن. ئۇ تۈز سىزىق ئاخىرغىچە تۈز بولىدۇ، دەپ قىياس قىلغان. غەيرىي ئېۋكلىدنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەم مۇمكىن. ئىككى تۈز سىزىق مەلۇم يىراقلىقتا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇچراشقان نۇقتا غايىب بولىدۇ، بۇ بىر خىيالىي تۈيغۇ.

بۇنىڭ يالغۇز خىيالىي تۈيغۇ ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بەزىدە ئۇ ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن بىر خىل رېئاللىق ئۇرغۇپ باشقا بىر خىل رېئاللىقنىڭ ئارىسىغا بارىدۇ. بۇ ئېنىقلىققا تولغان بۇ دۇنيادا كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ئۆزئارا تەكشى ئارىلىشىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى سىلىق چىرمىشىش. ئۇ توشۇپ كەتكەن چاغدىكى ئاۋاز يوق، پەقەت... يېنىك تىنىق بار. راست، مانا مۇشۇ ئاۋاز، مۇشۇ تۈيغۇ، يېنىك تىنىق.

مەن بۇ خىيالىي دۇنيادا رېئاللىقنىڭ ئۈستىدە، يېنىدا، ئاستىدا ۋە ئەتراپىدا ئاستا ئايلىنىپ يۈردۈم. مەن ھەمىشە ساغلام ھەم كۈچلۈك، بەزىدە ئۆزۈمنى تەقدىم قىلىشتىن ئايانمايمەن. بۇنى مەن بىلەن تەڭ ئايلىنىپ يۈرگەن ھېلىقى جىسىم سېزىپ قالدى. كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ئۇ جىسىم ئالدىمغا كېلىپ ئۆزىنى ماڭا بېغىشلىدى.

بۇ تىنىقنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىن لەرزان مۇزىكا ساداسى كېلەتتى. يېنىك ئايلىنىپ ئوينايدىغان ئاجايىپ تانسا باشلاندى. ئۆزىگە خاس ئۇدارغا دەسسەپ چاچلىرى چۇۋۇق، ئۆزۈن نەيزە كۆتۈرۈۋالغان ھېلىقى مۇزلۇق ئېرانىڭ ئادىمىنى تاۋلىدى. يېقىنلىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ــ يېقىنلىق مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى ــ ھېلىقى مۇزلۇق ئېرا ئادىمى نۆل گرادۇسلۇق بوشلۇقتىن چۈشتى... ئۇنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى.

① مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 330 ـ يىللاردا ئۆتكەن قەدىمكى يۇنان ماتېماتىكى.

فرانسىسكا ئاتمىش يەتتە ياشقا كىرگەن شۇ كۈنى يامغۇر
قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەلدە توختىدى. فرانسىسكا قېلىن كون-
ۋېرتنى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئاستىدىن تارتمىغا سېلىۋەتتى. رى-
چارد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن فرانسىسكا بۇ بىر بولاق
خەت ـ چەكلەرنى بانكىنىڭ بىخەتەر ئىشكاپىدا ساقلاش قارارىغا
كەلگەنىدى. ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا ئەكىلىپ ئۆيدە
نەچچە كۈن ساقلايتتى. ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقچىنىڭ
ئاغزىنى ئېتىپ — ئاپپاراتلار شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى — ساند-
دۇقچىنى ھۇجرىسىدىكى تام ئىشكاپىنىڭ جازىسىغا قويۇپ قوي-
دى.

فرانسىسكا چۈشتىن كېيىن روسمان كۆۋرۈكىگە بالدۇرلا
بېرىپ كەلگەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا پېشايۋانغا كېلىپ، ئىلەڭگۈچنى
لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئۈستىدە ئولتۇردى. بۇ يەر بەك
سالقىن ئىدى. ئۇ ئۇنىڭدا نەچچە مىنۇتلا ئولتۇراتتى. ھەمىشە
قىلىدىغان ئىشى مۇشۇ ئىدى. ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا
تۇردى، ئاندىن كوچىنىڭ ئاغزىغا باردى. ئارىدىن يىگىرمە ئىك-
كى يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، گۇگۇم چۈشۈشكە يېقىن
ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆزىدىن يول سورىغان، چوڭ يولغا قاراپ
چايقىلىپ كېتىۋاتقان ھاررىنى توختىتىپ، كابىنكىنىڭ پەلەم-
پىيىنى دەسسەپ تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ تار كوچىغا قاراۋاتقان
روبېرتنى كۆرگەندەك بولاتتى.

www.uyghurkitap.com

## فرانسىسكانىڭ خېتى

فرانسىسكا 1989 ـ يىلى يانۋاردا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ شۇ يىلى ئاتمىش توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. ناۋادا روبېرت كېنىدىي هايات بولغان بولسا ئۇ يەتمىش ئالتە ياشقا كىرگەن بولاتتى. تىزىملاش كارتۇشكىسىغا «ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن» دەپ يېزىلغانىدى. دوختۇر مىك بىلەن كارولىنغا: «ئۇ مانا مۇشۇنداق تۈگەپ كەتتى. راستىنى ئېيتساق، بىزمۇ سەل هەيران قالدۇق. بىر قوشنىسى ئۇنىڭ تاماق ئۈستىلىدە دوم يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن» دېگەنىدى.

فرانسىسكا 1982 ـ يىلى ئادۋوكاتىغا يازغان خېتىدە ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى روسمان كۆۋرۈككە چېچىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. جەسەت كۆيدۈرۈش ماديزون ناهىيىسىدە پەۋقۇلئاددە ئىش ئىدى — نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى رادىكال هەرىكەت دەپ بىلەتتى — شۇڭا فرانسىسكانىڭ ۋەسىيىتى قەھۋەخانىدىكىلەرنى، ماي پونكىتىدىكىلەرنى ۋە ئىجرا قىلغۇچىلارنى غۇلغۇلىغا سېلىۋەتتى. جەسەت كۈلىنى چېچىش ئاشكارا ئېلىپ بېرىلمىدى.

تەزىيە مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن مىك بىلەن كارولىن ماشىنا بىلەن ئاستا روسمان كۆۋرۈككە بېرىپ، فرانسىسكانىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلدى. بۇ كۆۋرۈك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن جونسون ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا هېچقانداق پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت يوق ئىدى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى ئادەتتە ئۆزلىرى تولىمۇ هېسداشلىق قىلىدى-

غان ئاپىسىنىڭ نېمىشقا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۇشۇنداق ئىشنى قىلغانلىقىدىن، نېمىشقا قائىدە - يوسۇنغا بويسۇنۇپ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا قويۇشنى ئىلتىماس قىلمىغانلىقىدىن ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

مىك بىلەن كارولىن ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىتىپ بولۇپ ئۆي رەتلەشكە تۇتۇش قىلدى. ئادۋوكات مال - مۈلكىنى تەكشۈرۈپ ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن بىخەتەر ساندۇقچىنى بانكىدىن ئاچىقتى.

ئۇلار بىخەتەر ساندۇقچىدىكى نەرسىلەرنى تۆرگە ئايرىپ بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشتى. ھېلىقى قېلىن كونۋېرت كارولىنىنىڭ ئالدىدىكى بىر دۆۋە نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىدا تۇراتتى. ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالەتتە كونۋېرتنى ئېچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى چىقاردى. روبېرت كىنكاينىڭ 1965 - يىلى فرانسىسكاغا يازغان خېتىنى، ئاندىن يەنە 1978 - يىلى يازغان خېتىنى، ئاخىردا سېئاتلدىكى ئادۋوكاتنىڭ 1982 - يىلى ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇدى. ژۇرنال ۋە قىيىۋېلىنغان گېزىت پارچىلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى.

— مىك!

مىك كارولىنىنىڭ ئاۋازىدىكى سۈكۈت ئارىلاشقان ھەيرانلىقنى بايقاپ «نېمە بولدى؟» دېگەندەك، شۇئان بېشىنى كۆتۈردى.

كارولىنىنىڭ كۆزلىرى ياش، ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى.

— ئاپام روبېرت كىنكاي ئىسىملىك بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن، ئۇ كىشى فوتوگراف ئىكەن. ھەممىمىز كۆرگەن «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» نىڭ ھېلىقى سانى ئېسىڭدىمۇ؟ ژۇرنالنىڭ بىر نەچچە كۆۋرۈك توغرۇلۇق خەۋەر بېسىلغان ھېلىقى سانىنى دەيمەن. بۇ يەرگە كېلىپ ئاشۇ كۆۋرۈكلەرنى سۈرەتكە تارتقان كىشى مۇشۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغدا باللارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى سۆزلەپ يۈرگەن ئاپپارات ئېسىۋالغان، ئەلۋەتتە كىيـ-
نىۋالىدىغان ھېلىقى ناتونۇش كىشى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئاشۇ ئادەم
مۇشۇ شۇ.

كارولىنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان مىك گالستۇكىنى يې-
شىپ ياقىسىنى چوڭ ئېچىۋەتتى.

— يەنە بىر قېتىم دېگىنە، ئالدىرىماي دېگىن، قۇلاقلىـ-
رىمغا پەقەت ئىشەنمەيۋاتىمەن.

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مىك ئاستىنقى قەۋەتتىكى
تام ئىشكاپىنى ئاقتۇرۇپ، ئاندىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ
فرانسىسكانىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. مىك ياغاچ ياغىچىدىن يا-
سالغان ساندۇقچىغا ئەزەلدىن دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ بۇ ساند-
دۇقچىنى ئاستىنقى قەۋەتكە ئەپچۈشۈپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئاشخا-
نىدىكى ئۈستەلگە قويدى. مىك كارولىنىغا:

— بۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاپپاراتى، — دېدى. ساندۇقنىڭ
بىر بېشىدا پىچەتلەنگەن بىر پارچە خەت بار ئىدى. ئۈستىگە
«كارولىن ياكى مىكقا» دېگەن خەت يېزىلغانىدى، بۇ فرانسىسـ-
كانىڭ پوچېركىسى ئىدى. ئاپپاراتلارنىڭ ئارىسىدا مۇقاۋىسى
قېلىن ئۈچ خاتىرە دەپتەر تۇراتتى.

— بۇ خەتنى تۇڭگىچە ئوقۇپ بولۇشقا مېنىڭ كۆزۈم
يەتمەيدۇ، — دېدى مىك، — بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كەلسە سەن
ئوقۇ، مەن ئاڭلاي،

كارولىن خەتنى ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى.

*1987 - يىلى 7 - يانۋار.*

*سۆيۈملۈك كارولىن، مىك:*

*مەن گەرچە ئۆزۈمنى ياخشى سەزسەممۇ، لېكىن ئاخىرەتلىك*
*ئىشلىرىمنى تەييارلاپ قويىدىغان چاغ كەلدى دەپ ئويلايمەن (كە-*
*شىلەر ھەمىشە مۇشۇنداق دەيدۇ). سىلەر ئوقۇپ قىلىشقا تېگىش-*

لىك ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بار، شۇڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن.

شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، سىلەر بىخەتەر ساندۇقچىنى ئاختۇرۇپ 1965 - يىلى ماڭا ئەۋەتىلگەن قېلىن كونۋېرتتىكى خەتنى تاپقاندىن كېيىن بۇ خەتنىمۇ چوقۇم تاپىسىلەر. مۇمكىن بولسا، بۇ خەتنى ئاشخانىدىكى تاماق ئۇستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار. مېنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشۈمنى ئۇزۇن ئۆتمەي چۈشىنىپ قالىسىلەر.

بالىلىرىمغا مۇشۇ ئىشلارنى خەت ئارقىلىق بىلدۈرۈش مەن ئۈچۈن ئالامەت مۇشكۈل بىر ئىش. لېكىن شۇنداق قىلىشىم زۆرۈر. بۇ خەتنىڭ ئىچىدە شۇنچىلىك كۈچلۈك، شۇنچىلىك گۈزەل نەرسىلەر بار، ئۇ شۇ نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە يول قويالمايمەن. ناۋادا سىلەر ئاپاڭلارنى پۈتۈنلەي، جۈملىدىن ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى بىلمەكچى بولساڭلار، بۇ ئىشتىن چوقۇم خەۋەردار بولۇشۇڭلار كېرەك. ئەمدى روھىڭلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈڭلار.

ئۇنىڭ ئىسمى روبېرت كىنكاي. بۇ ئىسىم ھازىر سىلەرگە تونۇشلۇق. فامىلىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى «L»، بۇ قايسى فامىلىنىڭ باش ھەرپى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇ فوتوگراف، 1965 - يىلى لەمپىلىك كۆۋرۈكنى سۈرەتكە تارتقىلى بۇ يەرگە كەلگەن.

ئاشۇ سۈرەتلەر «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»غا بېسىلغاندا قانداق سۈز - چۆچەك بولۇپ كەتكەنلىكى يادىڭلاردا. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ژۇرنالغا قەرەللىك يېزىلىپ تۇرغانلىقىمنىمۇ يادىڭلاردا بولسا كېرەك. ژۇرنالغا نېمىشقا بىردىنلا قىزىقىپ قالغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر. مۇنۇ بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قوياي، شەمشاد كۆۋرۈكنى سۈرەتكە تارتقاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم (ئۇنىڭ ئاپپارات سومكىسىنى مەن كۆتۈرگەنىدىم.)

مەن داداڭلارنى ئىنچىكە ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، بۇنى چۈشىنىشىڭلار سورايمەن. ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكىمنى بۇرۇنمۇ بىلگەن، ھازىرمۇ بىلىمەن. داداڭلاردىن ئىككى باللىق بولدۇم، بۇنى مەن قەدىرلەيمەن. بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

www.uyghurkitap.com

روبېرت كىنكاي داداڭلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك ئادەمنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان ياكى كىتابلاردىنمۇ ئوقۇپ باقمىغان. سىلەرنىڭ ئۇنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى سىلەر مەن ئەمەس: ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە بولساڭلار، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرلەرنىڭ بىر تارمىقىنىڭ چېكى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان بولساڭلار ئۇنى چۈشىنەلىگەن بولاتتىڭلار. ھېلىقى خاتىرە دەپتەر بىلەن ژۇرنال ۋە قىيىۋېلىنغان گېزىت پارچىلىرىنىڭ ياردىمى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۆپايە قىلمايدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بۇ يەر شارىغا تەۋە ئەمەس. مېنىڭ ئوچۇق دەيدىغان گېپىم مۇشۇ. مەن ئۇنى ھەمىشە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا مىنىپ كەلگەن يىلپىز سۈپەت جانلىقلا ئوخشىتىمەن. ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە جىسمى كىشىگە مۇشۇنداق تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭ چەكسىز ئىلھام بىلەن مولايىملىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ۋۇجۇدىدا چۈشىنىكسىز تىراگېدىيە ئېڭى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئېلېكترون مېڭە، ماشىنا ئادەملەرگە تولغان ھەم ئومۇمىيۈزلۈك مۇكەممەللىشىپ كېتىۋاتقان دۇنياغا خاتا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئۆزىنى ئاخىرقى پادىچى ئورنىدا ساناپ «ئاسارئەتىقە» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇ ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مەندىن روسمان كۆۋرۈككە بارىدىغان يولنى سورىدى. مەن ئۇنى بىرىنچى قېتىم شۇ چاغدا كۆردۈم. ئۇ چاغدا سىلەر ئۈچىڭلار كۆرگەزمىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئىللىنوس شتاتىغا كەتكەن ئىدىڭلار. ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن بىكارچىلىقتا كۆڭلۈمنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنداق قىلغىنىم يوق. بۇنداق ئوي ـ پىكىرلەر مەندىن تولىمۇ يىراقتا. ئەمما مەن ئۇنى كۆرۈپ بەش سېكۇنتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، لېكىن كېيىن ئاشۇ دەرىجىگە ھەقىقەتەن يېتەلمىدىم.

سىلەر ئۇنى بارغانلا يېرىدە يېزىلىق قىزلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ يۈرىدىغان پەسكەش ئادەم كۆرۈپ قالماڭلار، ئۇ ھەر-

گىز ئۇنداق ئادەم ئەمەس. ئەكسىچە، سەل تارتىنچاق ئادەم. يۇز بەرگەن ئىشلاردا ھەر ئىككىمىزنىڭ ئوخشاشلا مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئۇنىڭكىدىن كۆپ. بىلەزۈكتىكى باغاقچىنى روسمان كۆۋرۈكىگە مەن مىخلاپ قويغان. بىز تۇنجى قېتىم يۇز كۆرۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە ئۇ بۇ باغاقچىنى كۆرەلەيتتى. ئۇ تارتقان سۈرەتلىرىمدىن باشقا، بۇ باغاقچىنى شۇنچە يىلدىن بېرى مېنىڭ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلۇقۇمنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر دەلىل ئورنىدا ساقلاپ كەلگەن.

بالىلارنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا ـ ئانىلىرىنى جىنسىي پەرقى يوق دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا تۆۋەندىكى باياننى بىلەرگە قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتمەسلىكىنى، قەلبىڭلاردىكى ئوبرازىمىنىڭ خۇنۈكلىشىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

روبېرت ئىككىمىز كونا ئاشخانىمىزدا تالاي سائەتلەرنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. پاراڭلاشتۇق، شام يورۇقىدا تانسا ئوينىدۇق. باشتا ئاشخانىدا، كېيىن ھۇجرىدا، فېرمىنىڭ ئوتلاقلىرىدا ۋە سىلەر پەرەز قىلالايدىغان ھەرقانداق يەردە بىرگە بولدۇق. بۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان، قايىل قىلىش كۈچى زور، كىشىنى يۇكسەكلىككە يېتەكلەيدىغان بىرگە بولۇش ئىدى. بۇ ئىش ئۇدا بىر نەچچە كۈن توختىماي داۋام قىلدى. روبېرتنى ئويلىغان چېغىمدا «قايىل قىلىش كۈچى زور» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىمەن، چۈنكى بىز ئۇچراشقاندا ئۇ شۇنداق ئىدى.

ئۇ كەسكىنلىكتە يا ئوقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالاتتىم. بۇ ئاجىزلىق ئەمەس، بۇ ھەم مېنىڭ تۇيغۇم ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن جىسمانىي كۈچىنىڭ مېنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى ئىدى. بىر قېتىم بۇ ھېسسىياتىمنى پىچىرلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېسەم، ئۇ ماڭا: «مەن چوڭ يول، مەن يىراقتىن كەلگەن سەيياھ، مەن دېڭىزدىكى كېمە» دېگەنىدى.

مەن كېيىن لۇغەتكە قارىدىم. كىشىلەر «يىراقتىن كەلگەن

سەيياھ» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىسا ئاۋۋال بۈركۈتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ باشقا مەنىلىرىمۇ بار، ئۇ بۇنى چوقۇم بىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ: «ياقــا يۇرتلۇق مېھــمان، ئۇ چەت ئەللىك»، بۇنىڭدىن باشقا «سەرگەردان كۆچمەن» دېگەن مەنىلىرى بار. لاتىن تىلىدىكى مەنىسى «ناتونۇش ئادەم». ئەمدى ئويلىسام، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالامەتلەر: ناتونۇش ئادەم، كەڭ مەنىدىكى چەت ئەللىك، يىراقتىن كەلگەن سەيياھ ھەم بۈركۈتكە ئوخشاش دېگەن ئۇقۇملار بىلەن خاراكتېرلىنىدىكەن.

بالىلىرىم، مېنى چۈشىنىشىڭلارنى سورايمەن. مەن دېيىش بىئەپ بولغان ئىشلارنى بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىمەن. مەن كەچۈرگەن بۇ كۈنلەرنى سىلەرنىڭمۇ كەچۈرۈپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن بۇ ئېھتىماللىق چوڭ ئەمەس دەپ ئويلايمەن، دەۋر تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ گەپلەرنى دېيىش تازا مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، بىراق بىر ئايال كىشىنىڭ روبېرت كىنكايدەك مۇشۇنداق ئالاھىدە كۈچكە ئىگە بولۇشى، مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مىك، بۇ گېپىم ساڭا مۇناسىۋەتسىز، كارولىنغا شۇم خەۋەر بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. دۇنيادا مۇشۇنداق ئەر پەقەت ئۇ بىرلا، ئىككىنچىسى يوق.

ناۋادا ئىككىڭلارنى ۋە داداڭلارنى دېمىگەن بولسام مەن دەرھال ئۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە كەتكەن بولاتتىم. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە كېتىشىمنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ كەتتى، مەن ئۇنىمىدىم. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، باشقىلارنى بەك ئويلايدىغان ئادەم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمىدى.

ئىشلار مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك بولىدىكەن: روبېرت كىنكاي بولمىسا مەن فېرمىدا بۇنچىلىك ئۇزۇن تۇرمىغان بولاتتىم. ئۇ تۆت كۈن ئىچىدە ماڭا ھاياتنى، پۈتكۈل كائىناتنى بەردى، پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن جىسمىمنى پۈتۈن قىلدى. ئۇنى ھەمىشە ياد ئېتىپ كەلدىم، ياد ئەتمىگەن ۋاقتىم بولمىدى. ئۇ كاللامدا بولمىغان چاغدا مەن ئۇنى يەنىلا مەلۇم بىر يەردە باردەك، جاھاندا ئۇ يوق يەر يوقتەك ھېس قىلىمەن.

بۇ تۈيغۇ مېنىڭ سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ داداڭلارغا بولغان مۇھەببىتىمنى قىلچە ئاجىزلاشتۇرالمىدى. يالغۇز ئۆزۈمنى ئويـ-لىغىنىمدا، توغرا قارار چىقارغانلىقىمنى جەزملەشتۈرۈشكە پېتىنـ-نالمايمەن. پۈتۈن ئائىلىنى قوشۇپ ئويلىغىنىمدا توغرا قىلغانلىـ-قىمنى جەزملەشتۈرەلەيمەن.

ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىككىمىزنىڭ خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىكەنلىكىمىزنى ئۇ مېـ-نىڭدىن بەكرەك چۈشەنگەن. مەن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇنىڭ مەنىسىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم دەپ ئويلايمەن. ناۋادا روبېرت يۈزۈمدىن يۈزۈمگە ئۆزى بىلەن بىللە كېتىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا بۇ نۇقتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسام، بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن بىراقلارغا كەتكەن بولاتتىم.

روبېرت، بۇ دۇنيادا تولىمۇ پرىنسىپالىشىپ كەتتى، سېھـ-رىي كۈچكە بۈرۈنقىدەك ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. مەن پات - پات، مېنىڭ قارارىمۇ بەك پرىنسىپاللىق بولۇپ كەتتىمۇ، قانداق دەپ ئويلاپ قالىمەن.

سىلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرىم توغرىسىدىكى ۋەسىيىتىمنى ئۇ-نىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ، بۇ ئالجىپ قالغان بىر مومايىنىڭ ئويلاپ تاپقان ئامالى، دەيدىغىنىڭلارغا ئىشىنىمەن. سىلەر 1982 - يىلى سىئاتلىدىكى ئادۋوكاتتىن كەلگەن خەتنى ۋە خاتىرەمنى ئوقۇغاندىن كېيىن مېنىڭ نېمىشقا بۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمنى چۈشىنىسىلەر. مەن تىرىكلىكىمدە ھاياتىمنى ئائىلەمگە بەردىم، ئۆلگەندىن كېيىن جەستىمنى روبېرت كىنكايغا بېرىشنى ئويلىـ-دىم.

كۆڭلۈمنىڭ داداڭلاردىن تولۇق سۇ ئىچمىگەنلىكىنى ئۇ بىـ-لىدۇ دەپ ئويلايتتىم، بەزىدە پەرداز ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويغان قىلىن كونۋېرتنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ، دەپ گۇ-مانلىناتتىم. ئۇ دېس موينېستىكى بىر دوختۇرخانىدا سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا مەن يېنىدا ئولتۇراتتىم. ئۇ ماڭا: «فرانسىسكا، سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە لايىق خىياللىرىڭىز بولغانلىقىنى بىلىمەن. خىيال قىلغان نەرسىڭىزنى بېرەلمىگەنلىكىمدىن ئەپسۇسلىنىـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن» دېگەنىدى. بۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ئورتاق تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ تەسىرلىك چاغلىرى ئىدى.

سىلەرنىڭ ئازابلىنىشىڭلار ياكى ئىچ ئاغرىتىشىڭلار ۋە ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقانداق تۇيغۇدا بولۇشۇڭلار ماڭا كېرەك ئەمەس، مېنىڭ روبېرت كىنكايىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپلا قالساڭلار بولدى. مەن شۇنچە يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى مۇشۇ ئىشقا تاقابىل تۇرۇپ كەلدىم، ئۇمۇ ھەم شۇ.

بىز گەرچە قايتا پاراڭلىشىپ باقمىغان بولساقمۇ، لېكىن بىر - بىرىمىزگە مەھكەم باغلىنىپ كەتكەنىدۇق. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىككى كىشىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق زىچ بولسا، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزمۇ شۇنداق زىچ ئىدى. بۇنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. روبېرت مۇنۇ گەپلەر ئارقىلىق بۇنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. ئۇ: «ھەرقايسىمىزنىڭ ھاياتى ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس، ئىككىمىز ئۈچىنچى بىر ھاياتلىقنى ئورتاق ياراتتۇق» دېگەنىدى. ھەر ئىككىمىز ئاشۇ ھاياتلىقتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدۇق، ئۇ ھاياتلىق بولسا جاھان كېزىشكە قويۇپ بېرىلگەنىدى.

كارولىن، ئىككىمىزنىڭ تام ئىشكاپىدىكى ھېلىقى ھال رەڭ كۆڭلىكىم توغرۇلۇق قاتتىق تەگىشىپ كەتكەنلىكىمىز ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ؟ سېنىڭ كۆڭلەكنى كۆرۈپ كىيگۈڭ كەلگەنىدى. بۇ كۆڭلەكنى مېنىڭ كىيىپ باقمىغانلىقىمنى، ئۆزگەرتىپ كىيسە نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى، دېدىڭ. روبېرت بىلەن بىرىنچى ئاخشام بىرگە بولغاندا مەن ئاشۇ كۆڭلەكنى كىيگەنىدىم. مەن ھاياتىمدا شۇ كۈندىكىدەك چىرايلىق بولۇپ باقمىغان. بۇ كۆڭلەك ئاشۇ كېچىنىڭ كىچىككىنە، ئەمما ئەھمىيەتلىك خاتىرىسى ئىدى، شۇڭا مەن ئۇ كۆڭلەكنى قايتا كىيىپ باقمىدىم، سېنىڭ كىيىشىڭگىمۇ يول قويمىدىم.

روبېرت 1965 - يىلى بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىمنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئەھۋاللىرىنى ــ ئاشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھۋاللارنىڭ

ھەممىسى — ئاساسەن بىلىمەن، دەپ ئويلايتتىم. ئۇ يالغۇز بالا ئىدى، ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئوھىئو شتاتىدىكى بىر بازاردا تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىمۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما، ئۇ ساددا ھەم سىرلىق، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئادەم ئىدى. ھە راست، ئۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرى بىلەن جەنۇبىي تىنچ ئوكيانغا بېرىپ جەڭ مەيدانىدا فوتوگراف بولغان.

ئۇ ئۆيلەنگەن، ماڭا يولۇقۇشتىن خېلى بۇرۇنلا خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، بالىسى يوق. ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى مۇزىكانت، ئۇ ماڭا خوتۇنىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغانلىقىنى دېگەندەك قىلغان. ئۇ سۈرەت تارتىش ئۈچۈن سىرتلاردا يۈرۈپ ئۇزۇن مۇددەت ئۆيدە بولالمىغاچقا، ئۇنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز ئاياغلاشقان. بۇ ئىشتا ئۇ پۈتۈن گۇناھنى ئۆزىگە قوياتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ بىلىشىمچە، روبېرتنىڭ بالا - چاقىسى يوق، ئۇنى تۇغقىنىمىزنى كۆرگەن كۆزۈڭلاردا كۆرۈشۈڭلارنى سورايمەن. بۇ باشتا سىلەرگە ناھايىتى تەس بىلىنىدۇ. مېنىڭ ئائىلەم، تۇرمۇشتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئادىمىم بار، روبېرت بولسا تىكەندەك يالغۇز، بۇنىڭ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى دەسلەپتىلا بىلگەنىدىم.

روبېرتنىڭ تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەقلەرنىڭ ئۇششاق گەپ - سۆز قىلىشقا ئامراق ئادىتىنى بىلگەچكە (ئۆزۈم شۇنداق ئويلايمەن) جونسون ئائىلىسىدىكى بۇ ئىشنى خەقلەردىن قاتتىق سىر تۇتۇشنى ئەھدە قىلغانىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق سىلەرنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭلارغا تاپشۇردۇم.

مەن روبېرت بىللە بولغانلىقىمدىن ھەرگىز خىجىل بولمايمەن. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇنى ھەتتا جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. ئۇنىڭ

*بىلەن ئالاقىلىشىشكە بىرلا قېتىم ئۇرۇندۇم. بۇ داداڭلار ئالەم-دىن ئۆتكەندىن كېيىن بولغان ئىش. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغان-مىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، قورقۇنچ ئىچىدە قايتا ئالاقە قىلمىشقا پېتىنالمىدىم. مەندە بۇنداق رېئاللىققا يۈزلەنگۈدەك قۇدرەت يوق ئىدى. 1982 ـ يىلى مۇشۇ پوسۇلكا بىلەن ئادۋوكاتنىڭ خېتى قولۇمغا تەگكەن چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالايسىلەر.*

*سىلەرنىڭ مېنى خۇددى مەن دېگەندەك چۈشىنىشىڭلارنى، ئىشنى يامان تەرەپكە بۇرىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ناۋادا مېنى ياخشى كۆرسەڭلار، مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمنىمۇ ياخشى كۆرۈشۈڭلار كېرەك.*

*روبېرت كىنكاي ماڭا ئايال كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كې-رەكلىكىنى ئۆگەتكەن. بۇنداق كەچۈرمىشنى ناھايىتى ئاز ئاياللار ھەتتا ھېچقانداق ئايال بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان. ئۇ كېلىش-كەن، قىزغىن، ھۆرمەتلىشىڭلارغا ھەم ياخشى كۆرۈشۈڭلارغا ئەرزىيدىغان ئادەم. ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار ھەم ھۆرمەتلەڭلار. ئۇ ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن مەن ئارقىلىق سىلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.*

*سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، بالىلىرىم*

*ئاپاڭلاردىن*

ئاشخانا جىمجىت ئىدى. مىك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. كارولىن سۇ كۆلچىكىگە، پولغا، ئۈستەلگە ۋە ھەر بىر نەرسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

كارولىن گويا پىچىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا گەپ باشلىدى.

ــ ھەي، مىك، ئۇ ئىككىسى شۇنچە يىلدىن بېرى بىر ـ بىرىگە ئوتتەك تەلمۈرۈشۈپ ئۆتۈپتۇ، ئاپام دادامنى ۋە بىزنى دەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپتۇ. ئۇ ئاپامنىڭ بىزگە بولغان مۇھەب-بىتىنى ھۆرمەتلەپ يىراق ـ يىراقلارغا كېتىپتۇ. بۇنىڭ ھەقدـ قەتەن قولاقنى يوپۇرۇپ يۈرىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلاپ

يەتتىم. بىز نىكاھ ئىشىمىزغا مۇشۇنداق ئېتىبارسىز قاراپ كەپتۇق. بۇ ئاجايىپ مۇھەببەت بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغانىكەن. ئۇلار ھاياتىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە تۆت كۈن، تۆت كۈنلا بىللە بولغان. بىز شۇ چاغدا كۆرگەزمىگە قاتناشقىلى ئىللىنوس شتاتىغا كەتكەن. ئاپامنىڭ سۈرىتىگە قارىغىنا، مەن ئاپامنى ھېچقاچان بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم. ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق. ئۇ بۇ سۈرەتنى ياخشى تارتىش ئۈچۈن پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سالغان. قارا، ئاپام نەقەدەر سالاپەتلىك، نەقەدەر ئەركىن. چىرايىدىن جۇشقۇنلۇق ۋە تېتىكلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئاپام ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن.

— ئاھ خۇدا، — مىك ئارانلا شۇنداق دېيەلىدى ۋە لۆڭگە بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى، كارولىن كۆرمەستە كۆزىدىكى ياشلىرىنى ئېرتتى.

— مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇ ئادەم ئاپام بىلەن ئالاقىلاشمىغان. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە بىشىدا ھېچكىم يوق، شۇڭا ئاپپاراتلىرىنى بىرىدىن ئاپامغا ئەۋەتىپ بەرگەن، — دېدى كارولىن، — ھېلىقى ھال رەڭ كۆڭلەك توغرۇلۇق ئاپام بىلەن تەگىشىپ قالغانلىقىم، نەچچە كۈن غۇدۇراپ، كىيسەم نېمىشقا بولمايدۇ دەپ ئاپامدىن سورىغانلىقىم ھېلىمۇ يادىمدا. كېيىن ئاپامغا گەپ قىلمايدىغان بولدۇم. ئاپام ماڭا: «ياق، كارولىن، بۇ كۆڭلەكنى كىيسەڭ بولمايدۇ» دەپ بىر ئېغىزلا گەپ قىلغانىدى.

مىك دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاپىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئۇستەلنى شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىدىن ئاشخانىغا ئەكىرىۋالغانلىقىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتى.

كارولىن سىلىق ئورالغان كىچىك كونۋېرتنى ئاچتى.

— بۇلار ئۇنىڭ بىلەزۈكى، زەنجىرى ۋە زەنجىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن يۇمىلاق ماركىسى. ماۋۇ ئاپام خېتىدە تىلغا ئالغان،

www.uyghurkitap.com

ئەينى چاغدا روسمان كۆۋرۈكنىگە مىخلاپ قويغان ھېلىقى باغاقچە شۇ. بۇ باغاقچىنى ئۇ ئەۋەتكەن كۆۋرۈكنىڭ سۈرىتىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

— مىك، قانداق قىلىمىز؟ ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىن، مەن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ھايال ئۆتمەي چۈشىمەن.

كارولىن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھېلىقى ھال رەڭ كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ چۈشتى. ئۇ كۆڭلەك سۇلياۋ خالتىنىڭ ئىچىدە چىرايلىق قاتلانغان ھالەتتە ئىدى. كارولىن كۆڭلەكنى ئېچىپ مىككا كۆرسەتتى.

— تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ئاپام مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيىپ مۇشۇ ئاشخانىدا ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىغان. ئويلاپ باقايلى: بىز نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمىزنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن، ئاپام بىزگە تاماق ئەتكەن، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىز توغرۇلۇق بىز بىلەن سۆزلەشكەن. قايسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش، كۆڭۈلدىكىدەك نىكاھ ئىشىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقى ئۇستىدە سۆزلىگەنلىرىدە ئۇنىڭ ئوبرازى ئاپامنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن. توۋا! بىز ئاپامغا قارىغاندا شۇنچىلىك ساددا، شۇنچىلىك خام ئىكەنمىز.

مىك بېشىنى لىڭشىتىپ، سۇ كۆلچىكىنىڭ ئۇستىدىكى جاۋەننىڭ يېنىغا باردى.

— ئاپام ئىچكۈدەك بىر نەرسە قالدۇرۇپ قويغانمىدۇ؟ بىر نەرسە ئىچكۈم كېپكەتتى. نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن، ساڭا بېرىدىغان جاۋابىم مۇشۇ.

ئۇ جاۋەننى ئاختۇرۇپ، تېگىدە ئازراق براندى قالغان بوتۇلكىنى تاپتى.

— ئىككى رومكا چىقىدىكەن، كارولىن، بىر رومكا ئىچەمسەن؟

— ماقۇل.

مىك ئىشكاپتىن ئىككى رومكىنى ئېلىپ يۇزلۇكى سېرىق ئۇستەلگە قويدى. فرانسىسكانىڭ ئاخىرقى بىر بوتۇلكا براندىسى پاك - پاكىز تۈگىدى. كارولىن خاتىرە دەپتەرنىڭ بىرىنچىسىنى ئىچىدە ئوقۇۋاتاتتى. «روبېرت كىنكاي 1965 - يىلى 16 - ئاۋغۇست دۈشەنبە كۈنى بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ روسمان كۆۋرۈكىنى ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ چۈشتىن كېيىن گۈگۈم چۈشۈش ئالدىدىكى چاغ، هاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ چاققانغىنا بىر ماشىنىنى هەيدەپ كەلگەنىدى. ماشىنىسىنىڭ ئىسمى هاررى ئىكەن. . .»

# ئاخىرقى سۆز:

## ئاكامادىكى تۇن بۇركۇتى

مەن روبېرت كىنكاي بىلەن فرانسىسكا ھەققىدىكى ھېكايە-نى يېزىش جەريانىدا كىنكايغا بارغانسېرى قىزىقىپ قالدىم. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ كىتابنى نەشرگە بېرىشتىن نەچ-چە ھەپتە ئاۋۋال ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، لېكىن تېخى بايقالمى-غان ئەھۋاللارنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ئايروپىلان بىلەن سىيئاتلغا باردىم.

مېنىڭ ئويۇم مۇنداق ئىدى: ئۇ مۇزىكا ھەۋەسكارى، يەنە كېلىپ سەنئەتكار بولغانىكەن، ئۇنداقتا پىگېت ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئۇنى تونۇيدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. «سىي-ئاتل ۋاقىت گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىنىڭ تەھرىرى ماڭا ياردەم بەردى. ئۇ كىنكاينى بىلمىسىمۇ، مېنى گېزىتنىڭ 1975 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانلى-رى بىلەن تەمىنلىدى. مېنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنىم مۇشۇ چاغلار ئىدى.

مەن گېزىتنىڭ 1980 - يىللىق سانلىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ جاز مۇزىكا ئەترىتىدىكى بىر نىگىر چالغۇچىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىسمى جونسون «تۇن بۇركۇتى» كۆ-مىنىس ئىكەن، يۇقىرى ئاۋازلىق ساكسوفون چالىدىكەن. سۈ-

رەتنىڭ يېنىغا روبېرت كىنكاي ئىمزا قويغان. شۇ يەردىكى مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ماڭا كۇمىنسىنىڭ ئادرېسىنى بېرىپ، ئۇنىڭ ئويۇن قويۇشقا قاتناشمىغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۆيى تاكامادىكى بىر سانائەت رايونىنىڭ يېنىدىكى ئاچا يولنىڭ — سېئاتلغا بارىدىغان بەشىنچى نومۇرلۇق تاشيولنىڭ بويىدا ئىكەن.

ئۇنى ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ ئاران تاپتىم. ئۇ باشتا سورىغان سوئاللىرىمدىن سەل ئېھتىيات قىلدى. لېكىن، ئۇنى قايىل قىلدىم. روبېرت كىنكايغا ياخشى نىيەت بىلەن قاتتىق قىزىقىپ قالغانلىقىمغا ئۇنى ئىشەندۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەممىي هالدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇ چاغدا يەتمىش ياشتا ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۇنى ئېچىپ ئەھۋاللارنى ماڭا دەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ ئازراق رەتلەنگەندىن كېيىنكى خاتىرىسى.

# «تۇن بۇركۇتى» كومۇنىسىنىڭ ئېيتىقادلىرى

مەن شۇ چاغدا سېئاتلدا تۇراتتىم ھەم « شورتېيىل» مۇزدىكا ئەترىتىدە ئىشلەيتتىم. ئېلانغا رەڭسىز بىر پارچە سۇرەت لازىم بولۇپ قالدى. كېلارىنت چالىدىغان بىرەيلەن ماڭا مۇشۇ ئەتراپتىكى ئارالدا يامان ئەمەس سۇرەت تارتىدىغان بىرىنىڭ بارلىقىنى دېدى. ئۇنىڭ تېلېفونى بولمىغاچقا ئاتكرىتكىدىن بىرنى ئەۋەتتىم.

ئۇ كەلدى، ئۇ پادىچى ئىشتىنى، ئۆتۈك كىيگەن، سېرىق ئاسما باغ تاقىغان، ئاپپاراتى تولىمۇ كونىراپ كەتكەن، غەلىتە ياقا يۇرتلۇق بوۋاي ئىدى. مەن ئىچىمدە ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقى بىلەن سۇرەت تارتالىشى ناتايىن دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ بەرگەن نومۇرىنى ئېلىپ، سۇس سىرلانغان تامغا يۆلىنىپ ساكسوفونىمنى توختىماي چېلىپ تۇردۇم. ئۇ باشتا ئۈچ مىنۇتقىچە ماڭا تىكىلىپ، تىكىلگەندىمۇ مىختەك تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدەك سوغۇق يېشىل كۆزلەرنى سىزمۇ ھېچقاچان كۆرمىگەن بولغىيدىڭىز!

بىردەمدىن كېيىن ئۇ سۇرەت تارتىشنى باشلىدى. ئاندىن مەندىن « كۆز ياپراقلىرى» نى چالالايدىغان ـ چالالمايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئون مىنۇتتەك چېلىپ بەردىم. ئۇ بىر خىلدا سۇرەت تارتاتتى. كەينى ـ كەينىدىن نەچچە پارچە تارتىۋەتتى. ئۇ ماڭا: « بولدى، تارتىپ بولدۇم، ئەتە چىقىرىپ بېرىمەن» دېدى.

ئۇ ئەتىسى سۈرەتنى ئېلىپ كەلدى. مەن ھەيران قالدىم. مەن بۇرۇنمۇ سۈرەتكە چۈشكەنىدىم، لېكىن ئۇ تارتقان سۈرەت بۇرۇن چۈشكەن سۈرەتلىرىمدىن بەك ياخشى چىققانىدى. ئۇ مەندىن ئەللىك ئامېرىكا دوللىرى ئالغان بولسىمۇ ماڭا ناھايىتى ئەرزان تۇيۇلدى. ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئۇ كېتىدىغان چېغىدا مېنىڭ نەدە مۇزىكا چالىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن «شورتېيىل مۇزىكا ئەترىتىدە» دەپ جاۋاب بەردىم.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاخشام ئۆتۈپ كەتتى. مەن بىر ئاخشىمى ئۇنىڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا بۇلۇڭدىكى بىر ئۈستەلنىڭ يېنىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى كېلىدىغان بولدى، ئاز - تولا پىۋا ئىچىپ قوياتتى.

بەزىدە دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە مىنۇت پاراڭلىشىپ قوياتتىم. ئۇ رايىش، كەم سۆز ئوبدان بوۋاي ئىدى، ھەممىشە مەندىن ئەدەپ بىلەن «كۆز ياپراقلىرى» مۇزىكىسىنى چېلىپ بېرىشىمنى سورايتتى.

كۆپ ئۆتمەي بىز ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدۇق. مەن سۈنى، كېمىلەرنى كۆرگىلى پىرىستانغا بېرىشقا ئامراق ئىدىم. ئۇ بوۋاينىڭمۇ بۇ جەھەتتە ماڭا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان بولدۇم. پاراڭغا چۈشۈپ كەتسەك كەچكىچە پارىڭىمىز تۈگىمەيتتى. مۇڭدىشىش جەريانىدا ھەر ئىككىلىمىز ئۆزىمىزنىڭ زامانغا سەل يېتىشەلمەي قېلىۋاتقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاز - تولا ھېس قىلىشتۇق.

ئۇ دائىم بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈۋالاتتى. ئۇ بەك ياخشى ئىت ئىدى، ئۇ ئىتنى «چوڭيول» دەپ چاقىراتتى.

ئۇ سېھرىي كۈچنى بىلەتتى، سېھرىي كۈچنى جاز مۇزىكا ئەترىتىدىكىلەرمۇ بىلەتتى، شۇنداق بولغاچقا پارىڭىمىز بىر يەر-

www.uyghurkitap.com

دىن چىققان بولسا كېرەك. مەن بىر مۇزىكىنى مىڭ قېتىم چالىدىغاندىمەن، بەزىدە بىردىنلا يېپيېڭى بىر ئوي ـ پىكىرلەر كاللىڭىزدىكى ئاڭ ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ساكسوفونىڭىزدىن چىقىپ قالىدۇ. ئۇ فوتوگرافلىقتىمۇ، پۇتكۇل كىشىلىك تۇرمۇشىمۇ شۇنداق دەيتتى ھەم « ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن بىر ئايال بىلەن بىرگە بولۇشمۇ شۇنداق» دەپ قوشۇپ قوياتتى.

ئۇ شۇ چاغدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى، مۇزىكىنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئويى بار ئىدى. ئۇ ماڭا: «جونسون ‹ شەرەنداز ئايال › دېگەن بۇ مۇزىكىنى چېلىپ تۈتىنچى تاكىتقا كەلگەندە، بۇنىڭ سىزنى يېڭىۋاشتىن ئىلھاملاندۇرۇۋېتىدىغان ھېلىقى ئاھاڭ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ياخشى، مەن مۇشۇ ئاھاڭنى ھېلىقى كۆنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم، دەپ ئويلايمەن. شۇ كۆنى سۇ يۈزىدە كۆن نۇرلىرى جىمىرلاپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا بىر قاقىر ئاپپاراتىمنىڭ مەنزىرە كۆرۈش ئەينىكىدىن ‹ لىپلا › قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا سىز قايتىلاپ چېلىۋاتقان ھېلىقى ئاھاڭنى ئاڭلاۋاتاتتىم ھەم شۇ ئاھاڭنى راستتىنلا كۆرگەندەك بولۇپ ئاپپاراتىمنىڭ تەپكىسىنى باستىم» دېگەنىدى.

ئۇ پۇتكۇل ۋاقتىنى مۇشۇ مۇزىكىنى ئوبرازلاشتۇرۇش خىزمىتىگە سەرپ قىلىپ شۇنىڭغا بېرىلىپلا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق ناھايىتى ئاز سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ فوتوگرافلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن يەرلەرنى ساياھەت قىلىپ كەلگەنلىكىنىلا بىلەتتىم، باشقا ئىشلىرى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، مەن بىر كۆنى بوينىدىكى زەنجىرگە ئۆتكۈزۈۋالغان كىچىك نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم. يېقىن بېرىپ قارىسام، ئۇستىگە چېكىلگەن « فرانسىسكا» دېگەن خەتنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن ئۇنىڭدىن: « بۇ شۇنداق ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسىمۇ» دەپ سورىدىم.

ئۇ بىر هازاغىچە گەپ قىلماي سۇغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. بىر چاغدا: «سىزنىڭ قانچىلىك ۋاقتىڭىز بار» دەپ مەندىن سورىدى. شۇ كۈنى دۈشەنبە، مېنىڭ دەم ئېلىش كۈنۈم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ۋاقتىمنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتتىم.

ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى، سۆزلىگەندىمۇ توختىماي بىر چۈشتىن كېيىن ۋە بىر ئاخشام سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى هېس قىلدىم.

ئۇ هېلىقى ئايالنىڭ ئىسمىنى، بۇ ئىشلارنىڭ نەدە يۈز بەرگەنلىكىنى زىنهار تىلغا ئالمىدى. ئەمما، راستىنى ئېيتسام، روبېرت كىنكاي ئۇ ئايالنى شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇ ئايال چوقۇم چوڭ بىر ئەرباب، قالتىس ئايال دەپ ئويلىدىم. ئۇ باشتا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر ماقالە يېزىشقا ئىلهاملاندۇرغانلىقىنى ئېيتتى. «نۆل گرادۇسلۇق بوشلۇق» دېگەندەك بىر تېمىدا يېزىلغان ماقالە ئىكەنلىكى يادىمدا. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ئەينى چاغدا ماڭا ئورنېت گولماننىڭ[①] چاچما شېئىرلىرىنى ئەسلەتكەندى.

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، كۆزلىرىدىن ياش توختىماي مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقاتتى. بوۋاي هەسرەت بىلەن شۇنداق يىغلىغاچقا، ساكسفوننى مەنمۇ شۇنداق مۇڭلۇق چالالىدىم. ئۇنىڭ نېمىشقا هەمىشە «كۆز ياپراقلىرى» نى چېلىپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى شۇنىڭدىن كېيىن چۈشەندىم. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ بوۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىر ئايالغا شۇنچىلىك ئاشىق بولغان ئادەم ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىيتتى.

---

① ئورنېت گولمان ( 1930 — ) — ئامېرىكىنىڭ ساكسوفون چالغۇچىسى، كومپوزىتور هەم جاز مۇزىكا ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى.

بۇ ئىش ھەمىشە كاللامدىن كەتمەيتتى. ئاشۇ ئابال بىلەن ئۇنىڭغا ئورتاق بولغان ئاشۇ نەرسىنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقى، ئۇ «كونا ئۇسۇل» دەپ ئاتىۋالغان نەرسە توغرۇلۇق ئويلىناتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە: «ئاشۇ كۈچ مەندىمۇ بار. شۇ بىر مەزگىللىك مۇھەببەتنى، ئاشۇ (كونا ئۇسۇل) نى ئاھاڭ ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەي. ئۇنىڭدا ئالاھىدە بىر لىرىكا بار» دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر مۇزىكا ئىشلىدىم، بۇنىڭغا ئۈچ ئاي ۋاقىت كەتتى. مۇزىكىنىڭ ئاددىي ۋە نەپىسلىكىنى ساقلاپ قېلىنىشقا تىرىشتىم. مۇرەككەپ نەرسىلەر ئاسانغا چۈشىدۇ، ئاددىي نەرسىلەر قىيىن. ئاندىن مەن سەل ئەجىر قىلىپ پىئانىنو بىلەن تۆۋەن ئاۋازلىق ئىسكىرىپكا ئارقىلىق مۇزىكىنى نوتىغا سالدىم. ئاخىر بىر ئاخشىمى بۇ مۇزىكىنى ئورۇندىدىم.

ئۇ سەيشەنبە كۈنى ئاخشىمى ئىدى، ئۇ بوۋاي بورۇنقىدەك تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. شۇ كۈنى كەچ سورۇندىمىز تازا قىزىمىغان، جەمئىي يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلغان، مۇزىكا ئەترىتىمىزگە دىققەت قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ئاۋۋالقىدەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن مۇزىكا ئاڭلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. مەن مىكرافون ئارقىلىق: «مەن ھازىر بىر دوستۇم ئۈچۈن ئىشلىگەن ‹فرانسىسكا› ناملىق مۇزىكىنى ئورۇنداپ بېرىمەن» دېدىم.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى يېۋىدا ئىدى. «فرانسىسكا» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. بوزارغان چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن كەينىگە تاراپ «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ئولتۇردى.

مەن ساكسوفوننى ھېچقاچان ئۇنداق مۇڭلۇق چېلىپ باقمىغانىدىم. مەن چېلىۋاتقان ساكسوفون ئۇلار ئايرىلغان ئاشۇ مە-

نۇتلار ئۇچۇن، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەن تۇمەن چاقىرىم مۇساپە ئۇچۇن يىغلاۋاتاتتى. مۇزىكا بىرىنچى تاكتتا سەل تېنىۋېلىپ ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ: «فراۋ. . . سىس. . . كا» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن مۇزىكىنى چېلىپ بولدۇم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆلگىنىچە مائارىپ بېشىنى لىكىشتتى، ئاندىن ھېساباتنى قىدىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە مۇشۇ مۇزىكىنى چالاتتىم. ئۇ مۇشۇ مۇزىكىنى ئىشلىگەنلىكىم بەدىلىگە ماڭا ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان قەدىمىي لەمپىلىك كۆۋرۈكنىڭ سۈرىتىدىن بىرنى بەردى. ئەنە ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ سۈرەتنى نەدە تارتقانلىقىنى ماڭا تىنمىدى، ئىمزاسىنىڭ ئاستىدا «روسمان كۆۋرۈكى» دېگەنلا خەت بار.

يەتتە ـ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن، يەنە بىر سەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۇنى كۆرمىدىم. ئۇ كېلەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە كۈنىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ ئاغرىپ قالغانمىدۇ ياكى ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغانمىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىپ پرىستانغا باردىم. ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. كېيىن ئۇ تۇرۇۋاتقان ئارالغا بارىدىغان بىر كېمىگە چىقتىم. ئۇ سۇنىڭ بويىدىكى بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيدە، راست گەپنى قىلغاندا، بىر لاپاستا تۇرىدىكەن.

مېنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگىنىمنى كۆرگەن قوشنىلاردىن بىرى كېلىپ مەندىن نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى سورىدى. مەن مەقسىتىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا ئۇنىڭ ئون كۈن بۇرۇن قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك ئازابلاندىم، ھازىرمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن. ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ سەل غەلىتە ئادەم ئىدى، بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىنى ئۇ بىلىدىغاندەك سېزەتتىم.

مەن قوشنىسىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇ

بىلمەيدىكەن، رىچاردنىمۇ تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن هايۋانلارنى يىغىۋالىدىغان ئورۇنغا تېلېفون بەردىم. «چوۋېيول» شۇ يەردە ئىكەن. مەن ئىتنى شۇ يەردىن ئاچىقىپ جىيەنىمگە بەردىم. ئۇ ئىتنىڭ ئاخىرقى قېتىم جىيەنىمگە ئەركىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىمدە بەكلا خۇش بوپ كەتتىم.

بولغان ئىشلار مانا مۇشۇ. مەن كىنكايىنى سۈرۈشتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوڭ بىلىكىم يىگىرمە مىنۇتتىن ئارتۇق ساكسوفون چالسام ئۇيۇشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىر كېسەللىك ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىشتىن توختاپ قالدىم.

راستىنى دېسەم، ئۇنىڭ ھېلىقى ئايال بىلەن بولغان ئىشلىرى پەقەت كاللامدىن چىقمايتتى. مەن ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىگەن ھېلىقى ئاھاڭنى چالاتتىم، مانا مۇشۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز چالىمەن.

نېمە ئۈچۈنكىن، ساكسوفونوم ھەر قېتىم شۇ ئاھاڭغا چالغاندا ئۇ ماڭا سوۋغات قىلغان ھېلىقى سۈرەتكە قارايمەن. قانداق ئالاھىدە سەۋەبى بار، بۇنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، كۆزلىرىم ھامان ئاشۇ سۈرەتتىن نېرى كەتمەيدۇ.

مانا مۇشۇ يەردە يەر ـ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا، مۇشۇ ساكسوفونوم پىغان بىلەن يىغلايدۇ. مەن بۇ چاغدا روبېرت كىنكاي ئىسىملىك بىر ئەر ۋە شۇ ئەر ئىسمىنى فرانسىسكا دەۋالغان بىر ئايال ئۈچۈن ئاشۇ ئاھاڭنى چېلىۋاتقان بولىمەن.

[General Information]
书名=廊桥遗梦　维吾尔文
SS号=40300683